INFORMATION OF CENTRAL ASIA

# ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى



'96 6

# 目　次　《中亚信息》

1996年第6期
（总第71期）


**法规**

乌兹别克斯坦自由经济区法 ……（3）
吉尔吉斯斯坦自由经济区法 ……（8）
俄出台新对华边贸政策 ……（12）
俄联邦政府对进口和销售外国酒精产品的商标和标签做出规定 ……（13）
吉尔吉斯斯坦共和国对中亚的经济政策 ……（14）

**资料**

俄联邦阿尔泰边疆区简介 …（17）
建立发展新疆出口商品生产基地之管见 ……（19）
哈萨克斯坦与乌克兰的经贸合作状况 ……（22）
哈萨克斯坦的汽车制造业及其市场 ……（27）
俄罗斯农业经济状况 ……（29）
哈萨克斯坦价格构成的因素 ……（31）
哈萨克斯坦铜的市场走向 …（35）
俄罗斯的消费品市场 ……（36）

**新技术新产品**

21世纪将畅销的高科技产品 ……（37）
21世纪行销的茶叶 ……（38）
多功能饲料加工机问世 ……（40）

**边贸信息**

哈简化投资手续欢迎外商投资 ……（41）
新疆成为全国最大“棉仓” ……（41）
本世纪末俄罗斯糖产量将达550万吨 ……（42）
哈萨克斯坦的坚吉兹油田 ……（42）
哈萨克斯坦加强空运检查 ……（43）
俄将对进口食糖实行配额 ……（44）
进口食糖走俏俄罗斯 ……（44）
哈萨克斯坦和土耳其联合创办饮料厂 ……（45）
哈萨克斯坦再次调高面粉价格 ……（45）
吉木乃，塔克什肯，红山嘴口岸建立边民互市贸易点 ……（46）
哈萨克斯坦两三年内黄金产量将大增 ……（46）
多家公司竞争哈萨克斯坦金矿开采权 ……（46）
中哈加强铁路营运管理 ……（47）
乌兹别克斯坦减少兑换外汇限制 …（47）
乌兹别克斯坦提高棉花出口量 ……（48）
乌兹别克斯坦通胀降低 ……（49）
乌克兰经济形势依然严峻 ……（49）


本期责任编辑：米那娃尔

# بۇ ساندا

«قانۇن ـ بەلگىلىمە»

ئۆزبېكىستاننىڭ ئەركىن ئىقتىسادىي رايون قانۇنى ............ (3)
قىرغىزىستاننىڭ ئەركىن ئىقتىسادىي رايون قانۇنى ............ (8)
روسىيە جۇڭگوغا قارىتا يېڭى چېگرا سودا سىياستىنى بەلگىلىدى ............ (12)
روسىيە فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتى ئىمپورت قىلىنىدىغان ۋە سېتىلىدىغان چەت ئەل ئىسپىرتلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ ماركىسى ۋە بەلگىسىگە قارىتا قارار چىقاردى ............ (13)
قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا بولغان ئىقتىسادىي سىياستى ............ (14)

«ماتېرىيال»

روسىيە فېدېراتسىيىسىدىكى ئالتاي چېگرا رايونىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش ............ (17)
شىنجاڭدا ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋارلارنى ئىشلەپچىقىرىش بازىسىنى قۇرۇش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدا ............ (19)
قازاقىستان بىلەن ئۇكرائىنانىڭ ئىقتىسادىي سودا ھەمكارلىق ئەھۋالى ............ (22)
قازاقىستاننىڭ ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىش سانائىتى ۋە بازىرى ............ (27)
روسىيىنىڭ دېھقانچىلىق ئىقتىسادىي ئەھۋالى ............ (29)
قازاقىستاندىكى مال باھاسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئامىللار ............ (31)
قازاقىستاندىكى مىس بازىرىنىڭ يۈنىلىشى ............ (35)
روسىيىنىڭ ئىستېمال بۇيۇملىرى بازىرى ............ (36)

## پەن ـ تېخنىكا بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى

1996 ـ يىللىق
6 ـ سان
ئومۇمىي 71 ـ سان
قوش ئايلىق ژۇرنال

ھەر جۈپ ئاينىڭ 25-كۈنى نەشردىن چىقىدۇ

بۇ ساننىڭ مەسئۇل تەھرىرى :
مۇنەۋۋەر قادىر
باھاسى : 3 يۈەن

## « يېڭى تېخنكا ۋە يېڭى مەھسۇلاتلار »


21 ـ ئەسىردە بازىرى ئىتتىك بولىدىغان يۇقىرى تېخنىكىلىق مەھسۇلاتلار ..................... (37)
21 ـ ئەسىردە بازارغا سېلىنىدىغان چايلار ............................................. (38)
كۆپ ئىقتىدارلىق يەم ـ خەشەك پىششىقلاپ ئىشلەش ماشىنىسى ............................ (40)


## «چېگرا سودا خەۋەرلىرى»


قازاقىستان مەبلەغ سېلىش رەسمىيەتلىرىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىشىنى قارشى ئالىدۇ ............................................. (41)
شىنجاڭ مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ « پاختا ئامبىرى » بولۇپ قالدى ............................ (41)
مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا روسىيىنىڭ شېكەر مەھسۇلات مىقدارى 5 مىليون 500 مىڭ توننىغا يېتىدۇ ............................................................. (42)
قازاقىستاننىڭ تېڭىز نېفىتلىكى ............................................................. (42)
قازاقىستان ھاۋا قاتناش تەكشۈرۈشنى كۈچەيتتى ............................................. (43)
روسىيە شېكەر ئىمپورت قىلىشتا نورما تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ ................................. (44)
ئىمپورت قىلىنغان شېكەرلەر روسىيىدە بازار تاپماقتا ........................................ (44)
قازاقىستان بىلەن تۈركىيە بىرلىكتە ئىچىملىك زاۋۇتى قۇردى ..................................... (45)
قازاقىستان ئۇننىڭ باھاسىنى يەنە بىر قېتىم ئۆستۈردى ........................................ (45)
جېمنەي ، تاكشكېن ، چوقان چېگرا ئېغىزلىرى چېگرا خەلقلىرىنىڭ ئۆزئارا سودا نۇقتىلىرىنى قۇردى ............................................. (46)
قازاقىستان ئالتۇن مەھسۇلات مىقدارى يېقىنقى 2 ـ 3 يىل ئىچىدە زور مىقداردا ئاشىدۇ ...... (46)
نۇرغۇنلىغان شىركەتلەر قازاقىستاندا ئالتۇن كانلىرىنى قېزىش ھوقۇقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن رىقابەتلىشىش ........................................................ (46)
جۇڭگو بىلەن قازاقىستان تۆمۈر يول تىجارەت باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى ........................ (47)
ئۆزبېكىستان تاشقى پېرېۋوت ئالماشتۇرۇش چېكىنى ئازايتتى ........................................ (47)
ئۆزبېكىستان پاختا ئېكسپورت مىقدارىنى كۆپەيتمەكچى ....................................... (48)
ئۆزبېكىستاندا پۇل پاخالللىشىش تۆۋەنلىدى ...................................................... (49)
ئۇكرائىنانىڭ ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى يەنىلا جىددىي بولماقتا ............................................ (49)

# ئۆزبېكىستاننىڭ ئەركىن ئىقتىسادىي رايون قانۇنى

## بىرىنچى باب ئومۇمىي پرىنسىپ

**1** - ماددا ئەركىن ئىقتىسادىي رايون ئۇقۇمى

ئەركىن ئىقتىسادىي رايون دېگىنىمىز مەخسۇس ئاجرىتىلغان، ئېنىق مەمۇرىي چېگرا سىزىقى بولغان، ئالاھىدە قانۇن - تۈزۈم يۈرگۈزۈلىدىغان رايون، ئۇنى قۇرۇشتىكى مەقسەت: دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى كاپىتال، ئىلغار تېخنىكا ۋە باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى جەلپ قىلىپ شۇ رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت.

ئەركىن ئىقتىسادىي رايوندا قانۇنىي شەخس ۋە تەبىئىي شەخسلەرنىڭ ھەر قانداق شەكىلدىكى ئىقتىساد، پۇل - مۇئامىلە ۋە باشقا پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويۇلىدۇ. ئۆزبېكىستان قانۇنىدا مەنئىي قىلىنغان ھەرىكەت شەكىللىرى ئۇنىڭ سىرتىدا.

**2** - ماددا ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننىڭ قانۇن بەلگىلىمىلىرى

ئەركىن ئىقتىسادىي رايون قۇرۇش ۋە ئۇنىڭ رولىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر مەزكۇر قانۇن، ئەركىن ئىقتىسادىي رايون نىزاملىرى ۋە باشقا قانۇن - تۈزۈملەر ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ.

ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى ئىمزالاشقا قاتناشقان خەلقئارا شەرتنامە ۋە كېلىشىم ئۆزبېكىستان قانۇنىدا بەلگىلەنگەنگە ئوخشىمىسا خەلقئارا شەرتنامە ۋە كېلىشىم قوللىنىلىدۇ.

**3** - ماددا ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننىڭ قۇرۇلۇشى

ئەركىن ئىقتىسادىي رايون ئىچكى كابىنېتنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن ئەڭ ئالىي مەجلىس تەرىپىدىن قۇرۇلىدۇ. ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننىڭ ئورنى، چېگرىسى ۋە مۇددىتى ھەر قايسى ئەركىن ئىقتىسادىي رايون نىزاملىرى بويىچە (تۆۋەندە «نىزام» دەپ ئېلىنىدۇ) بەلگىلىنىدۇ ھەم ئەڭ ئالىي مەجلىس تەستىقلىغاندىن كېيىن يۈرگۈزۈلىدۇ.

ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننىڭ ئۈنۈملۈك مۇددىتىنى ئۇزارتىشتا ئەڭ ئالىي يىغىن ئىچكى كابىنېت ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ بويىچە چىقىرىلغان قارارغا ئاساسەن بەلگىلەيدۇ، بىراق بۇ تەكلىپنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى بەلگىلەنگەن مۇددەتتىن كېچىكىپ كەتمەسلىكى، مۇددەت توشۇشتىن ئۈچ يىل بۇرۇن بولۇشى كېرەك.

**4** - ماددا ئەركىن ئىقتىسادىي رايون ئورنىنىڭ تاماملىنىشى

ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننىڭ تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرىگە ئۇيغۇن كەلگەنلىرىنىڭ ئورنى تاماملانغان بولىدۇ: ماددىدا بەلگىلەنگەن مۇددىتى توشقانلار؛ ماددىدا بەلگىلەنگەن ۋەزىپىنى ئورۇنلىمىغانلار؛ ئەڭ ئالىي يىغىن ئىچكى كابىنېت يۇقىرىدا چىقارغان قارارغا ئاساسەن ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننىڭ ئورنىنى تاماملاش قارارىنى چىقىرىدۇ.

**5** - ماددا ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننىڭ تۈرلىرى

ئەركىن ئىقتىسادىي رايون تۆۋەندىكى تۈرلەردە قۇرۇلىدۇ: ئەركىن سودا رايونى؛ ئەركىن ئىشلەپچىقىرىش رايونى؛ ئەركىن پەن - تېخنىكا رايونى ۋە باشقىلار.

**6** - ماددا ئەركىن سودا رايونى

ئەركىن سودا رايونى ساقلاش ئىسكىلاتى

ۋە باج رايونى شۇنداقلا تاۋار پىششىقلاش ، قاچىلاش ، تۈرلەرگە ئايرىش ۋە زاپاس ساقلاش رايونى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ئەركىن سودا رايونى سودا ئېغىزى ، ئاۋىئاتسىيە پونكىتى ، تۆمۈريول تۈگۈنى ياكى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى چېگرىسىغا تەسىس قىلىنىدۇ .

**7 ـ ماددا ئەركىن ئىشلەپچىقىرىش رايونى**

ئەركىن ئىشلەپچىقىرىش رايونى ئالاھىدە تىجارەت پائالىيىتى ۋە پۇل ـ مۇئامىلە پائالىيەت تۈزۈمى يۈرگۈزۈلىدىغان رايون بولۇپ ، تىجارەت پائالىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ، چەت ئەل مەبلىغىنى جەلپ قىلىپ ئالاھىدە ئىقتىسادىي ساھەلەرگە مەبلەغ سېلىش ، ئىلغار تېخنىكىلارنى قوللىنىشنى مەقسەت قىلىدۇ . ئەركىن ئىشلەپچىقىرىش رايونى ئېكسپورت تاۋارلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش رايونى ، يېڭى ئىگىلىك پائالىيەت رايونى ، تىجارەت پائالىيەت رايونى ۋە بازىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

**8 ـ ماددا ئەركىن پەن ـ تېخنىكا رايونى**

ئەركىن پەن ـ تېخنىكا رايونى بىر خىل ئالاھىدە رايون بولۇپ ، بۇ يەرگە ئىلمىي ئىشلەپچىقىرىش مەركىزى بىلەن ئوقۇتۇش مەركىزى توپلانغان ، ئىلىم ـ پەن ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى جارىي قىلدۇرۇشنى مەقسەت قىلغان مەخسۇس قانۇن ـ تۈزۈم يۈرگۈزۈلىدۇ . ئەركىن پەن ـ تېخنىكا رايونىنى يۇقىرى يېڭى تېخنىكىلارنى باشقۇرۇش رايونى ، پەن ـ تېخنىكا باغچىسى ، يەرلىك تېخنىكىلارنى ئۆزگەرتىش ، لايىھىلەش ، كەشىپ قىلىش مەركىزىگە قۇرسا بولىدۇ .

**9 ـ ماددا پۇقرالار ۋە قانۇنىي شەخسلەرنىڭ ھوقۇقى ۋە مەنپەئەتىنى قوغداش**

ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى ئەركىن ئىقتىسادىي رايوندا تىجارەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قانۇنىي شەخس ۋە پۇقرالارنىڭ ( تەبىئىي شەخس ) ھوقۇقى ۋە قانۇنىي مەنپەئەتىنى قوغداشقا كاپالەت بېرىدۇ . ئەركىن ئىقتىسادىي رايوندا ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى قانۇندا مەبلەغ سالغۇچىلار ئۈچۈن بەلگىلىگەن بارلىق كاپالەت ۋە ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىنىدۇ . ماددىدا يەنە قوشۇمچە كاپالەت ۋە ئېتىبار بېرىش سىياسىتى بەلگىلەندى .

قانۇنىي شەخس ۋە تەبىئىي شەخسلەرنىڭ دۆلەت ئورگانلىرى ۋە باشقا ئورگانلارنىڭ ئۆزىنىڭ تىجارەت پائالىيەتلىرىگە نىسبەتەن ئاساسسىز ئارىلىششىدىن كېلىپ چىققان زىيان ، مەنپەئەت ۋە روھىي زىيانلار تۆلەپ بېرىلىدۇ .

**10 ـ ماددا ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننىڭ تەرەققىيات پروگراممىسى**

ئەركىن ئىقتىسادىي رايون ئىچكى كابىنېت تەستىقلىغان تەرەققىيات پروگراممىسى بويىچە قۇرۇلىدۇ . ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننىڭ تەرەققىيات پروگراممىسى ئىشلەپچىقىرىش ۋە جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي ئەسلىھەلىرىنى بەرپا قىلىش ، ئالاھىدە قانۇن ـ تۈزۈمنى يۈرگۈزۈش ئۈچۈن كاپالەتلىك قىلىش ، قانۇنىي شەخس ۋە تەبىئىي شەخسلەرنىڭ تىجارەت پائالىيىتىگە نىسبەتەن قوللانغان ئىقتىسادىي رىغبەتلەندۈرۈش تەدبىرلىرىنى يۈرگۈزۈش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننىڭ تەرەققىيات پروگراممىسىغا كېرەكلىك مالىيە كاپالىتى شۇ رايوننىڭ ئۆز بايلىقى ، شەخسلەر ۋە باشقا مەنبەلەر يەنى خەلقئارا لايىھە بويىچە قوبۇل قىلىنغان مەبلەغ شۇنداقلا دۆلەت خام چوتى ۋە يەرلىك خام چوتتىن شۇ رايوننىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىك تەرەققىياتىغا ئاجرىتىلغان مەبلەغنى كۆرسىتىدۇ .

## ئىككىنچى باب ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننىڭ قانۇن تۈزۈملىرى

**11 - ماددا قانۇن - تۈزۈمنىڭ ئالاھىدىلىكى**

ئەركىن ئىقتىسادىي رايوندا ئالاھىدە تاموژنا، تاشقى پېرېۋوت، باج يىغىش تۈزۈملىرى شۇنداقلا ئاھالىلەرنىڭ كىرىپ - چىقىش، ئولتۇراقلىشىش، ئەمگەك مۇناسىۋىتى، پۇل - مۇئامىلە كرېدىت كەسپلىرى تۈزۈمىنى يۈرگۈزۈشكە، يەنە مەبلەغ جەلپ قىلىش، شۇ رايوننىڭ تىجارەت پائالىيىتىنى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى رىغبەتلەندۈرۈشنى مەقسەت قىلغان باشقا تۈزۈملەرنىمۇ يۈرگۈزۈشكە بولىدۇ.

**12 - ماددا ئالاھىدە تاموژنا تۈزۈمى**دە تۆۋەندىكىلەر بەلگىلەنگەن: ئىمپورت - ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ تاموژنا بېجىنى بىكار قىلىش؛ تاۋارلارنىڭ ئەركىن ئىقتىسادىي رايون چېگراسىدىن ئۆتۈش ۋە تاموژنىغا مەلۇم قىلىش رەسمىيەتلىرىنى ئاددىيلاشتۇرۇش. ئۆزبېكىستان تاموژنا تارماقلىرى ئەركىن ئىقتىسادىي رايون ئالاھىدە تاموژنا تۈزۈمىنىڭ يۈرگۈزۈلىشىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

ئالاھىدە تاموژنا تۈزۈمى ئەركىن ئىقتىسادىي رايون چېگرىسى ئارقىلىق توشۇلغان تاۋارلارغا ماس كەلمەيدۇ.

**13 - ماددا ئالاھىدە تاشقى پېرېۋوت تۈزۈمى**

ئالاھىدە تاشقى پېرېۋوت تۈزۈمىدە ئۆز دۆلىتىنىڭ پۇلى ۋە چەت ئەل پۇلىنى ئەركىن ئوبوروت قىلىشقا ۋە ئالماشتۇرۇشقا بولىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. ئالاھىدە تاشقى پېرېۋوت تۈزۈمىنى باشقۇرۇش چارىسىنى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى مەركەز بانكىسى بەلگىلەيدۇ.

**14 - ماددا باج يىغىشتىكى ئېتىبار سىياستى**

ئەركىن ئىقتىسادىي رايوندا تىجارەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ( قانۇنىي شەخس ۋە تەبىئىي شەخسلەر ) ماددىدا بەلگىلەنگەن باجدا ئېتىبار بېرىش سىياستىدىن بەھرىمەن بولىدۇ، بۇ سىياسەت دۆلەت ئىچىدىكى ۋە چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلار ئۈچۈن ئورتاق.

**15 - ماددا ئەمگەك كۈچى بايلىقى**

ئالاھىدە ئېتىبار شارائىتتىن پايدىلىنىپ شۇ رايوننىڭ ئەمگەك كۈچى بايلىقىدىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ. ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ باشقا رايونلىرىدا ئولتۇراقلاشقان خادىملار ۋە چەت ئەل گراژدانلىرى ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننىڭ كارخانا، ئورگان ۋە تەشكىلىنىڭ خىزمەتلىرىگە قاتنىشىدۇ. ئەمگەك كۈچى توپلاش ئۈچۈن ئەركىن ئىقتىسادىي رايونغا بېرىپ خىزمەت قىلغاندا مۇناسىپ رايوننىڭ ئەمگەك كۈچلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش تارماقلىرى مەسئۇل بولىدۇ.

**16 - ماددا ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننىڭ ئەمگەك مۇناسىۋىتىنى ماسلاشتۇرۇش**

ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننىڭ ئەمگەك مۇناسىۋىتى قانۇن - پەرمان، كوللېكتىپ توختام ( كېلىشىم ) ۋە شەخسلەر ئەمگەك توختىمى ئارقىلىق ماسلاشتۇرۇلىدۇ. شەخسلەر ۋە كوللېكتىپ توختامدا شۇ رايوندىكى كارخانا، ئورگان ۋە تەشكىلدىكى خىزمەتچى خادىملار ئۈچۈن بەلگىلەنگەن شەرت، قانۇن بەلگىلىمە شۇنداقلا ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى قاتناشقان خەلقئارا ئەمگەك تەشكىلاتى شەرتنامىسىدا بەلگىلەنگەن شەرتتىن تۆۋەن بولماسلىقى كېرەك.

**17 - ماددا ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننىڭ خام چوتى**

ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننىڭ مۇستەقىل خام چوتى بولىدۇ، ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننىڭ قۇرۇلۇش باسقۇچىدا قەرز بېرىش ياكى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي خاراكتېردىكى ئاساسىي ئەسلىھەلەرگە بىۋاستە مەبلەغ سېلىش شەكلى ئارقىلىق دۆلەت خام چوتى ۋە يەرلىك خام چوت-

تىن قەرز ئېلىشقا بولىدۇ . ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننىڭ خام چوتىنى تەشكىل قىلغۇچى تەركىپ شۇ رايوننىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش دائىرىسى ئىچىدىكى يەر ، قۇرۇلۇش ۋە ئەسلىھەلەرنى ئىجارىگە بېرىشتىن كەلگەن كىرىم ، ھەر خىل ئەمگەك مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەشتە كەلگەن كىرىم شۇنداقلا ماددىلاردا بەلگىلەنگەن باشقا كىرىمدىن تەشكىللەنگەن .

**18 - ماددا ئەركىن ئىقتىسادىي رايونغا كىرىپ - چىقىش شۇنداقلا شۇ رايوندا ئولتۇراقلىشىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە**

ئەركىن ئىقتىسادىي رايوندا چەت ئەل گراژدانلىرى ۋە دۆلەت تەۋەلىكى بولمىغانلارنىڭ بۇ رايونغا كىرىپ - چىقىش ۋە ئولتۇراقلىشىش رەسمىيەتلىرى ئاددىيلاشتۇرۇلىدۇ ، كونكرېت ئۇسۇلى نىزامدا بەلگىلىنىدۇ .

**19 - ماددا سوغۇرتا**

ئەركىن ئىقتىسادىي رايوندا تىجارەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئۆز ئىختىيارى بىلەن مەبلەغ سېلىش سوغۇرتىسى ۋە خېيىم - خەتەر سوغۇرتىسىغا قاتنىشىدۇ . سوغۇرتا ئىشلىرىنى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇناسىپ سوغۇرتا ئورگانلىرى بىلەن چەت ئەلنىڭ سوغۇرتا شىركەتلىرى بېجىرىدۇ .

## ئۈچىنچى باب ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننىڭ باشقۇرۇلۇشى

**20 - ماددا ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننى باشقۇرۇش ئورگانلىرى**

ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننىڭ خىزمەتلىرىنى شۇ رايوندىكى مەمۇرىي كومىتېت مەسئۇل بولۇپ ماسلاشتۇرىدۇ . ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننىڭ كەسپىي باشقۇرۇش ئورگىنى شۇ رايوندىكى ئومۇمىي باشقۇرۇش باشقارمىسىدۇر .

**21 - ماددا ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننىڭ مەمۇرىي كومىتېتى**

ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننىڭ مەمۇرىي كومىتېتىنى ئىچكى كابىنېت تەيىنلەيدۇ . ئۇنىڭ خادىملىرى دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت ئورگانلىرى ، تارماقلار باشقۇرۇش ئورگانلىرى ، مەبلەغ سالغۇچىلار ( چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) ۋە پۇقرالارنىڭ ئاپتونوم ئورگانلىرىنىڭ ۋەكىللىرىدىن تەشكىللىنىدۇ .

ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننىڭ مەمۇرىي كومىتېتىغا شۇ كومىتېتنىڭ رەئىسى رەھبەرلىك قىلىدۇ . ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننىڭ چېگرىسى بىلەن مەمۇرىي رايون ئورۇنلىرىنىڭ ( شەھەر ، رايون ، شەھەرگە بىۋاستە قاراشلىق رايون ) چېگرىسى ئۈستى - ئۈستىگە چۈشۈپ قالغاندا مەمۇرىي كومىتېت رەئىسىنىڭ ۋەزىپىسىنى مۇناسىپ مەمۇرىي باشلىق يۈرگۈزىدۇ .

**22 - ماددا ئەركىن ئىقتىسادىي رايون مەمۇرىي كومىتېتىنىڭ ھوقۇقى**

ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننىڭ مەمۇرىي كومىتېتى تۆۋەندىكىدەك ھوقۇققا ئىگە : شۇ رايوندىكى قانۇن تۈزۈمنىڭ يۈرگۈزۈلۈش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىدۇ ؛ بۇ رايوننىڭ تەرەققىيات پروگراممىسىنى تۈزۈپ چىقىدۇ ، مەبلەغ قوبۇل قىلىشنىڭ تولۇقلىما ماددىلىرىنى بەلگىلەيدۇ ؛ بۇ رايوننىڭ يىللىق خام چوتىنى تەكشۈرىدۇ ۋە تەستىقلايدۇ ؛ قانۇن - تۈزۈمدە بەلگىلەنگەن باشقا ھوقۇقلارنى يۈرگۈزىدۇ . ئەركىن ئىقتىسادىي رايون مەمۇرىي كومىتېتىنىڭ ئۆز ھوقۇق دائىرىسىدە چىقارغان قارارى ، شۇ رايوندا تىجارەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئىجرا قىلىش زۆرۈردۇر .

**23 - ماددا ئەركىن ئىقتىسادىي رايوندىكى دۆلەت ئىگىدارلىق ھوقۇقىنىڭ ئالاھىدىلىكى**

ئەركىن ئىقتىسادىي رايون چېگرىسى ئىچىدىكى دۆلەت ئىگىدارلىق تۈزۈمىنىڭ ئوبيېكتلىرى ( يەر ، سۇ ، يەر ئاستى بايلىقى ۋە باشقا

تەبىئىي بايلىقلار ، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ، ئەسلىھەلەر ) . شۇ جايدىكى دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ ئۆز ھوقۇقى دائىرىسى ئىچىدە چىقارغان قارارىغا ئاساسەن ، شۇ رايوندىكى مەمۇرىي كومىتېتقا تاپشۇرۇپ بېرىلىپ ئۇنى قانۇن - تۈزۈمدە بەلگىلەنگەن كەسپىي باشقۇرۇش ھوقۇقى ياكى ئومۇمىي تىجارەت ھوقۇقىغا ئىگە قىلىدۇ . شۇ يەرلىك دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرى يەر ۋە يەر ئاستى بايلىقىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش ۋە ئۇنى قوغداش ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش ۋە ئەركىن ئىقتىسادىي رايونىنىڭ مەمۇرىي كومىتېتقا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن ئوبيېكتلارغا نىسبەتەن نازارەت قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ .

ئەركىن ئىقتىسادىي رايون چېگرىسى ئىچىدىكى دۆلەت ئىگىدارلىق قىلىش ئوبيېكتلىرى ئەگەر شەخسلەرنىڭ ئىگىدارلىقىغا سېتىپ بېرىلسە قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە بېجىرىلىدۇ .

**24 - ماددا ئەركىن ئىقتىسادىي رايونىنىڭ ئومۇمىي باشقۇرۇش باشقارمىسى**

ئەركىن ئىقتىسادىي رايون ئومۇمىي باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ ۋەزىپىسى : ئالاھىدە قانۇن تۈزۈمنىڭ نورمال يۈرگۈزۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ ؛ خېرىدار چاقىرىش ئاساسىدا چەتئەل كاپىتالىنى جەلپ قىلىدۇ ؛ رايون تەرەققىيات پروگراممىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ ؛ تىجارەت ، پۇل - مۇئامىلە ۋە باشقا پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانا تەشكىلاتلارنى تىزىملايدۇ ؛ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى نازارەت قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ ، قىممەتلىك تارىخىي ، مەدەنىي بۇيۇملارنىڭ مۇكەممەللىكىنى ساقلاشقا مەسئۇل بولىدۇ ؛ نىزامدا بەلگىلەنگەن باشقا ھوقۇقلارنى يۈرگۈزىدۇ .

ئەركىن ئىقتىسادىي رايونىنىڭ ئومۇمىي باشقۇرۇش باشقارمىسىنى شۇ رايونلۇق مەمۇرىي كومىتېت قۇرۇپ چىقىدۇ ھەم مەزكۇر كومىتېت تەيىنلىگەن باش دىرېكتور مەسئۇل بولىدۇ . باش دىرېكتورنىڭ ۋەزىپىسىنى نىزامدا بەلگىلەيدۇ .

**25 - ماددا ئەركىن ئىقتىسادىي رايون كارخانىلىرىنى تىزىملاش**

ئەركىن ئىقتىسادىي رايوندا تىجارەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قانۇنىي شەخس ۋە تەبىئىي شەخسلەر باش دىرېكتور ئورنىغا كېلىپ تىزىمغا ئالدۇرىدۇ . ئەركىن ئىقتىسادىي رايون قۇرۇلغاندا تىجارەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان قانۇنىي شەخسلەر باش دىرېكتور باشقارمىسىغا تىزىمغا ئالدۇرۇش كېنىشكىسىنىڭ كۆچۈرۈلمە نۇسخىسىنى تاپشۇرۇشى كېرەك . باش دىرېكتور باشقارمىسى تىزىمغا ئالدۇرۇپ بولغان قانۇنىي شەخسكە تىزىملاش كېنىشكىسىنى بېجىرىپ بېرىشى ھەم شۇ يەردىكى ھاكىمىيەت ئورگانلىرى ، ئەدلىيە تارماقلىرى ، تاشقى ئىقتىساد ئالاقە ئورنى ، دۆلەتنىڭ پەرمز ۋە ستاتىستىكا كومىتېتىغا يوللىشى كېرەك . باش دىرېكتور باشقارمىسى تىزىمغا ئالدۇرغان تەبىئىي شەخسلەرگە تىزىملاش كېنىشكىسىنى بېجىرىپ بېرىشى كېرەك .

ئەگەر قانۇنىي شەخس بىلەن تەبىئىي شەخسلەر قانۇن - پەرمانغا خىلاپلىق قىلسا باش دىرېكتور باشقارمىسى قانۇنىي شەخس ۋە تەبىئىي شەخسلەرنىڭ تىجارەت پائالىيىتىنى توختىتىش ھەم تىزىملاش كېنىشكىسىنى بىكار قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە . ئۇلارنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ ئېرىشكەن تاپاۋىتى نىزامدىكى بەلگىلىمە بويىچە مۇسادىرە قىلىنىدۇ .

**26 - ماددا كارخانا ، ئورگان ۋە تەشكىلاتلارنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش ۋە ھېساباتىنى ئېنىقلاش**

ئەركىن ئىقتىسادىي رايوندا تىجارەت پائا-

لىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانا، ئورگان ۋە تەشكىلاتلار قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش ۋە ھېساباتنى ئېنىقلاش ئېلىپ بارسا بولىدۇ. ئۆزگەرتىپ قۇرۇش ۋە ھېسابات ئېنىقلاش ئېلىپ بارغاندا ئىشتىن بوشىتىلغان خادىملار قانۇندا بەلگىلەنگەن كاپالەتتىن بەھرىمەن بولىدۇ.

**27 ـ ماددا تالاش ـ تارتىشلارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش تەرتىپى**

ئەركىن ئىقتىسادىي رايوندا تىجارەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار بىلەن دۆلەت ئورگانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تالاش ـ تارتىشلار سوت مەھكىمىسىنىڭ تەكشۈرۈپ بىر ياقلىق قىلىشىغا تاپشۇرۇلىدۇ. ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى قول قويغان خەلقئارا شەرتنامە ۋە كېلىشىملەردە ئايرىم بەلگىلەنگەنلىرى ئۇنىڭ سىرتىدا.

ئەركىن ئىقتىسادىي رايوندا تىجارەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئوتتۇرىسىدا، ياكى تىجارەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار بىلەن باش دىرېكتور باشقارمىسى ئوتتۇرىسىدا ياكى تىجارەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار بىلەن كارخانا، ئىجتىمائىي تەشكىلات ۋە باشقا قانۇنىي شەخس بىلەن تەبىئىي شەخسلەر ئوتتۇرىسىدا، تىجارەت پائالىيىتى جەھەتتە تىجارەت قىلغۇچىلار بىلەن باش دىرېكتور باشقارمىسى ئوتتۇرىسىدا ياكى تىجارەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار بىلەن كارخانا، ئىجتىمائىي تەشكىلات ۋە باشقا قانۇنىي شەخس ۋە تەبىئىي شەخس ئوتتۇرىسىدا تالاش ـ تارتىش يۈز بەرسە سوت مەھكىمىسىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇلىدۇ.

ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى
زۇڭتۇڭى: كەرىموۋ

# قىرغىزىستاننىڭ ئەركىن ئىقتىسادىي رايون قانۇنى

## 1 ـ باب ئومۇمىي پرىنسىپ

**1 ـ ماددا ئەركىن ئىقتىسادىي رايون ئۇقۇمى، مەقسىتى ۋە ئۇنىڭ شەكلى**

ئەركىن ئىقتىسادىي رايون قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى بەلگىلىگەن ئوبلاست بولۇپ، رايون بىلەن شەھەر مەخسۇس ئايرىلىپ ئالاھىدە قانۇن ـ تۈزۈمنى ئىجرا قىلىدۇ. شۇڭا ئايرىم دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ ئۈنۈملۈك قاتنىشىشىنى؛ چەت ئەل كاپىتالى، تېخنىكا ھۈنەر ـ سەنئىتى ۋە باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى جەلپ قىلىدۇ. ئېتىبار بېرىش شەرتلىرى ۋە سىياسەتلىرى بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىدۇ؛ رايون ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، زامانىۋى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئاساسىي ئەسلىھەلىرىنى قۇرىدۇ؛ دۆلەت ئىچى بازارلىرىنى ئاۋاتلاشتۇرۇپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

ئەركىن ئىقتىسادىي رايون ئەركىن تاموژنا بېجى رايونى، ئېكسپورت ئىشلەپچىقىرىش رايونى ۋە تاشقى كاپىتال جەلپ قىلىش رايونى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەركىن ئىقتىسادىي رايوندا ئالاھىدە قانۇن ـ تۈزۈم بەلگىلىنىدۇ، تاشقى ئىقتىساد، ئىقتىسادىي پائالىيەت ۋە قانۇن بويىچە ماسلىشىشتا ئەمگەك مۇناسىۋىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك پەۋقۇلئاددە ئەھۋاللىرى ۋە تولۇقلىمىسى بەلگىلىنىدۇ.

**2 ـ ماددا ئەركىن ئىقتىسادىي رايون قۇرۇشنىڭ شەرتلىرى**

ئەركىن ئىقتىسادىي رايون دەپ ئېلان قى-

لىنىغان رايوندا ، ئاساسىي قانۇن ۋە ئەركىن ئىقتىسادىي رايون بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن رايون ئايرىلىدۇ ۋە ئۇسكۇنىلەرنى قۇراشتۇرۇش قورۇلۇشى بىلەن تەمىنلىنىدۇ .

ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننىڭ رايون دائىرىسى قىرغىزىستان تاموژنىسى نازارەت قىلىپ باشقۇرىدىغان رايوننىڭ سىرتىغا قورۇلۇپ ، تاموژنا باشقۇرۇش رايونىنىڭ بىر تەركىبى بولىدۇ .

**3 - ماددا قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەركىن ئىقتىسادىي رايونغا مۇناسىۋەتلىك قانۇنى**

ئاساسىي قانۇن ، ئەركىن ئىقتىسادىي رايون قانۇن بەلگىلىمىلىرىنى قوللىنىپ ، خەلقئارا كېلىشىم ۋە شەرتنامىلەر ئارقىلىق ئەركىن ئىقتىسادىي رايون قۇرۇش ھەم بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك پائالىيەتلەردە بارلىققا كەلگەن مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەش .

ئەركىن ئىقتىسادىي رايوندا ، ئەگەر قىرغىزىستان قانۇنى ۋە ئەركىن ئىقتىسادىي رايون قانۇنى بىر - بىرىگە زىت بولمىسىلا ئۇنىڭ ئۇنۇمى ياخشى بولىدۇ .

## 2 - باب ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننىڭ ئالاھىدە قانۇن - تۈزۈملىرى

**4 - ماددا ئالاھىدە تاموژنا باج تۈزۈمى**

ئالاھىدە تاموژنا باج تۈزۈمى ئەركىن ئىقتىسادىي رايوندا مۇئەييەن كۈچكە ئىگە بولۇپ ، ئۇ ئەركىن ئىقتىسادىي رايوندا ئىشلەپچىقىرىلغان تاۋارلارنى ئېكسپورت قىلىشتىكى تاموژنا بېجى ، ئەركىن ئىقتىسادىي رايونغا تاۋار ئىمپورت قىلىشتىكى تاموژنا بېجى ، قايتا تاۋار ئېكسپورت قىلىشتا ئېلىنىدىغان تاموژنا بېجى ، چېگرىدىن ئەركىن ئۆتكۈزۈلىدىغان تاۋارلاردىن ئېلىنىدىغان تاموژنا بېجى ۋە ئېكسپورت قىلىشتا باج كەچۈرۈم قىلىش چەكلىمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

بۇ تۈزۈمنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ، ئەركىن ئىقتىسادىي رايون باش مۇدىر مىنىستىرلىكى ، قىرغىزىستان مالىيە مىنىستىرلىكى ، دۆلەت تاموژنا ئىدارىسى ۋە قىرغىزىستان ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى قاتارلىق ئورۇنلار بىرلىكتە بۇ رايوندا تاموژنا ۋە قانۇننى قوغداش تارماق ئورنىنى قۇردى .

ئەركىن ئىقتىسادىي رايون باشقۇرۇشىدىكى رايون ئارقىلىق تاۋار ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىشتا ھەر قانداق تاموژنا بېجى ئېتىبار بېرىش شەرتلىرىدىن بەھرىمەن بولمايدۇ .

**5 - ماددا ئالاھىدە تاشقى پېرېۋوت تۈزۈمى**

ئەركىن ئىقتىسادىي رايوندا ئالاھىدە نەق پېرېۋوت تۈزۈمى چەت ئەل پۇلى نەق پېرېۋوتنىڭ ئەركىن ئوبوروتىنى بەلگىلەيدۇ . بۇ ، قىرغىزىستان دۆلەت بانكىسىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن ۋەكالەتچى ۋە تەبىئىي شەخسلەرنى مۇلازىمەت ھەم راسچوت بىلەن تەمىنلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

ئەركىن ئىقتىسادىي رايون چەت ئەللەر بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ھەر قانداق نەق پېرېۋوت بىلەن ھېسابات ئېلىپ بارسا بولىدۇ .

ئەركىن ئىقتىسادىي رايون ئىچىدە مەركەز ياكى يەرلىك مالىيىنىڭ خام چوتىدىكى چەت ئەل پۇلى ھېساباتىنىڭ ئېتىبار بېرىش شەرتلىرىنى بەلگىلىسە بولىدۇ .

**6 - ماددا ئەركىن ئىقتىسادىي رايون ئىچىدە بەھرىمەن بولىدىغان ئېتىبار بېرىش شەرتلىرى**

ئىقتىسادىي ۋە تاشقى ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرگە قاتناشقۇچىلار ( تىزىمغا ئالدۇرغان ۋەكالەتچى ۋە تەبىئىي شەخسلەر ) ئەركىن ئىقتىسادىي رايوندا پائالىيەت ئېلىپ بارسا ھەر خىل باج ، تاموژنا بېجى ۋە تىجارەت بېجى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ ؛

ئەركىن ئىقتىسادىي رايوندا ئىشلەپچىقىرىلغان تاۋارلارنى ئېكسپورت قىلغاندا ئېكسپورت نورما ئىجازەتنامىسى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ؛

باجدا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولغانلىقتىن ئىقتىسادىي ۋە تاشقى ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرگە قاتناشقۇچىلار ( تىزىمغا ئالدۇرغان ۋەكالەتچىلەر ۋە تەبىئىي شەخسلەر ) مەھسۇلات ساتقان ۋە مۇلازىمەت قىلىپ تاپقان پۇلدىن ھەر يىلى ئەركىن ئىقتىسادىي رايون باشقۇرۇش كومىتېتىغا 0.1% — 2% خىراجەت پۇلى تاپشۇرىدۇ.

قىرغىزىستان ھۆكۈمىتى ئېتىبار بېرىلگەن ۋە يىغىۋېلىنغان باجنى نازارەت قىلىدۇ.

ئەركىن ئىقتىسادىي رايونغا قاتناشقانلار شۇ رايوندا ئىقتىسادىي پائالىيەت ئېلىپ بارسا، ياكى قىرغىزىستاننىڭ باشقا رايونلىرىدا ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بارسا ئوخشاشلا ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن باجدا ئېتىبار بېرىشتىن بەھرىمەن بولىدۇ.

**7 ـ ماددا ئەركىن ئىقتىسادىي رايوندا ئەمگەك مۇناسىۋىتى توختامىنى ماسلاشتۇرۇش**

ئەمگەك مۇناسىۋىتى يالالاپ ئىشلەتكەن ۋە ئىشتىن بوشاتقان ئىشچىلار مەسىلىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئەمگەك ھەققىنى بېرىش شەرتلىرى، ئەمگەك ھەققى سانى ( تاشقى پېرېۋوتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) ئەمگەك ۋە دەم ئېلىش تۈزۈمى، ئەركىن ئىقتىسادىي رايونلاردىكى كارخانىلارنى ئىجتىمائىي كاپالەتلەندۈرۈش ۋە زىياننى تۆلەش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى كوللېكتىپ توختام ياكى يەككە ئەمگەك توختامى ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ.

كوللېكتىپ ۋە يەككە ئەمگەك توختامى بۇ كارخانا ۋە تەشكىلاتلاردا ئىشلەيدىغان خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمگەك ئەھۋالىغا قارىتا بەلگىلىنىدۇ، قىرغىزىستان ئەمگەك قانۇنى ۋە قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى تەستىقلىغان خەلقئارا ئەمگەك تەشكىلى ئەھدىنامىسىدىكى بەلگىلىمىلەردىن تۆۋەن بولمايدۇ.

قىرغىزىستاندا ئىشلەيدىغان چەت ئەللىك خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشى ئۈچۈن تاشقى پېرېۋوت بېرىلسە، بۇ خىزمەتچىلەر يۇقىرىغا باج تاپشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن قالغان تاشقى پېرېۋوتنى دۆلەت چېگرىسىدىن ئەركىن ئېلىپ چىقسا بولىدۇ.

ئەركىن ئىقتىسادىي رايون باش مۇدىرىيىتى تۆۋەندىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ: ئەركىن ئىقتىسادىي رايون قاتناشچىلىرىنىڭ پائالىيىتىنى ئالاقىلىشىش مەسىلىسى، ئەركىن ئىقتىسادىي رايونغا كىرىشكە رۇخسەت قىلىش، يول خېتىنى بېجىرىش، خىزمەتكە قاتنىشىشقا رۇخسەت قىلىش ۋە ئەركىن ئىقتىسادىي رايونغا مۇناسىۋەتلىك باشقا مەسىلىلەر.

**8 ـ ماددا ئەركىن ئىقتىسادىي رايون ئۈچۈن بېرىلىدىغان مەبلەغ**

ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننىڭ خىزمىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننىڭ خام چوتى بەلگىلىنىدۇ. ئەركىن ئىقتىسادىي رايون خام چوتىدىكى كىرىم تۆۋەندىكى تاپاۋەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ئەركىن ئىقتىسادىي رايون باش مۇدىرىيىتى قارمىقىدىكى يەر، ئۆي ۋە ئىمارەت قاتارلىقلارنى ئىجارىگە بېرىش، يەر ئۆي ۋە ئىمارەتلەرنىڭ ھەر خىل مۇلازىمىتىنى ئىجارىگە بېرىش، زايوم تارقىتىش ۋە خۇسۇسىيلاشتۇرۇش جەريانىدا ئېرىشىدىغان بىر قىسىم مەبلەغدىن ئىبارەت.

ئەركىن ئىقتىسادىي رايوندىكى ئاساسىي ئەسلىھەلەرنى قۇراشتۇرۇش ئۈچۈن كېتىدىغان مەبلەغنى دۆلەت خام چوتتىن مەخسۇس ئاجرىتىدۇ. يەرلىك خام چوتتىن ۋە ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننىڭ پۇلدىن ئازراق ئاجرىتىپ تولۇقلىسىمۇ بولىدۇ.

قىرغىزستان ئىقتىسادىي مىنىسترلىكى ۋە مالىيە مىنىسترلىكىنىڭ بەلگىلىمە شەرتلىرىگە ئاساسەن جۇمھۇرىيەت خام چوت مەبلىغىنى كىرگۈزسە بولىدۇ. ئەگەر ئەركىن ئىقتىسادىي رايون ئېرىشكەن خام چوت قەرز پۇلىنىڭ ھەممىسى ياكى بىر قىسمى باج - سېلىق بولسا، ئۇنداقتا خام چوتتىكى بۇ قەرز پۇلنى قىرغىزستان ئىقتىسادىي مىنىسترلىكى ۋە مالىيە مىنىسترلىكى بەلگىلىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننىڭ خام چوت ھېساباتىغا كىرگۈزۈۋەتسە بولىدۇ.

**9 - ماددا ئەركىن ئىقتىسادىي رايونغا كىرىش - چىقىش تەرتىپى**

ئەركىن ئىقتىسادىي رايوندا چەت ئەللىك گىراژدانلار كىرىش - چىقىشتا ئاددىي رەسمىيەت يولىغا قويۇلىدۇ.

قىرغىزستان دىپلوماتىيە مىنىسترلىكى ھەر قايسى رايونلارغا كىرىش - چىقىشتا كونكرېت بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ چىقىدۇ، بۇ ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننىڭ قانۇنىدا ئىپادىلىنىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن قىرغىزستان دىپلوماتىيە مىنىسترلىكى ئەركىن ئىقتىسادىي رايون باش مۇدىرىيىتىنىڭ مەبلەغ چىقىرىشى بىلەن مەخسۇس ئىش بېجىرىش ئورنى قۇرۇپ چىقىدۇ.

**10 - ماددا ئەركىن ئىقتىسادىي رايوندىكى ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنىڭ مۇددىتى**

ئەركىن ئىقتىسادىي رايوندا باج ئېلىش ۋە تاموژنا بېجى قاتارلىقلاردا ئېتىبار بېرىش سىياسىتى ئەركىن ئىقتىسادىي رايونغا قاتناشقۇچىلار تىجارەت دائىرىسىدىمۇ ئەمەلىيلىشىدۇ. ئەركىن ئىقتىسادىي رايونغا قاتناشقۇچىلار، پەقەت يىلدا بىر قېتىم قىرغىزستان مالىيە مىنىسترلىكىنىڭ قارمىقىدىكى باج ئىدارىسىغا بوغالتىرنىڭ كىرىم - چىقىمىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش جەدۋىلىنى مەلۇم قىلسىلا بولىدۇ. ئەركىن ئىقتىسادىي رايونغا قاتناشقۇچىلارنىڭ مالىيە ۋە ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرى جەھەتلەردىكى مەسىلىلەر ئۈستىدە ئېلىپ بارىدىغان ھەر خىل تەكشۈرۈشلەر ئەركىن ئىقتىسادىي رايون باش مۇدىرىيىتىنىڭ ماقۇللىشى بىلەن يىلدا بىر قېتىم ئېلىپ بېرىلىدۇ، تەكشۈرۈش يىلدا بىر قېتىمدىن ئاشماسلىقى كېرەك.

## 3 - باب ئەركىن ئىقتىسادىي رايون قۇرۇش تەرتىپى ۋە ئۇنى باشقۇرۇش.

**11 - ماددا ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننى قۇرۇش ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇش**

ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننى قۇرۇش ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى قىرغىزستان ئاساسىي قانۇنى بەلگىلەيدۇ ۋە يەرلىك دۆلەت مەمۇرىيىتى، يەرلىك ئاپتونوم ئورگانلارنىڭ پىكرىنى ئالىدۇ.

ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننىڭ چېگرا سىزىقى، مۇددىتى ۋە رولى قاتارلىقلارنى قىرغىزستان ئاساسىي قانۇنى بەلگىلەيدۇ. ھەر قايسى ئەركىن ئىقتىسادىي رايونلارنىڭ ئورنىنى قىرغىزستان ھۆكۈمىتى بەلگىلەيدۇ، ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننىڭ باش مۇدىرىيىتى ئەركىن ئىقتىسادىي رايونغا قاتناشقۇچىلارنىڭ ۋەكالەتچىسى بولىدۇ.

**12 - ماددا ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننى باشقۇرۇش**

ئەركىن ئىقتىسادىي رايون باش مۇدىرىيىتى ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننى باشقۇرىدىغان ئورگان.

ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننىڭ باش مۇدىرىنى قىرغىزستان ھۆكۈمىتى تەيىنلەيدۇ.

**13 - ماددا چەت ئەل مەبلەغ سالغان كارخانىلارنى ئەركىن ئىقتىسادىي رايوندا تىزىمغا ئېلىش**

ئەركىن ئىقتىسادىي رايوندا قۇرۇلغان چەت ئەل مەبلەغ سالغان كارخانىلار، شۆبە شىركەت، تارماق شىركەت ۋە ئىش بېجىرىش

ئورۇنلىرى ئەركىن ئىقتىسادىي رايون باش مۇدىرىيىتىگە تىزىمغا ئالدۇرۇشى كېرەك . چەت ئەل مەبلىغى سېلىنغان ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغۇچىلارنىڭ تىزىمغا ئالدۇرۇش تەرتىپىنى ئەركىن ئىقتىسادىي رايون باش مۇدىرىيىتى بەلگىلەيدۇ . باش مۇدىرىيەتكە تىزىمغا ئالدۇرغان ئەركىن ئىقتىسادىي رايونغا قاتناشقۇچىلار قىرغىزىستان دۆلەتلىك تاشقى مەبلەغ ۋە ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش كومىتېتىغا قايتا تىزىمغا ئالدۇرمىسىمۇ بولىدۇ ، لېكىن ئەركىن ئىقتىسادىي رايون باش مۇدىرىيىتى ئۇلارنىڭ تىزىمغا ئالدۇرۇش ئەھۋالىغا مەسئۇل بولۇشى ھەمدە قىرغىزىستان دۆلەتلىك تاشقى مەبلەغ ۋە ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش ئورنىغا ۋە قىرغىزىستان دۆلەتلىك ستاتىستىكا كومىتېتىغا تىزىمغا ئېلىش ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىشى كېرەك .

بۇ قانۇن ئېلان قىلىنغان كۈندىن ئېتىبارەن كۈچكە ئىگە

قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭى : ئاكايېۋ

## روسىيە جۇڭگوغا قارىتا يېڭى چېگرا سودا سىياسىتىنى بەلگىلىدى

ئالاقىدار تەرەپلەردىن ئىگىلەشلەرگە قارىغاندا ، يېقىندا روسىيە جۇڭگوغا قارىتا يېڭى بىر چېگرا سودا سىياسىتىنى چىقارغان . بۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە :

1 . جۇڭگو تەرەپ چېگرا سودا كارخانىلىرىنىڭ روسىيە زاۋۇتلىرىغا بىۋاسىتە بېرىپ مال سېتىۋېلىشىغا رۇخسەت قىلىش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش ، باھاسىنى روسىيە چېگرا سودا شىركەتلىرى تەمىنلىگەن ماللاردىن 20% تۆۋەن قىلىش . ئەگەر ، روسىيە چېگرا سودا كارخانىلىرى زاۋۇتلارغا بېرىپ مال سېتىۋېلىپ ئۇنى جۇڭگو شىركەتلىرىگە ساتىدىغان بولسا ، روسىيە زاۋۇتلىرى ئەسلى باھا ئاساسىدا 20% قوشۇش .

2 . ئىمپورت قىلىنغان خىمىيە سانائىتى ، توقۇمىچىلىق ، ئېلېكترون ، ماشىنىسازلىق ، ماشىنا مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتى ۋە سېتىلىش يولىنى بانكا تەكشۈرۈپ بېكىتىدۇ ، ھەمدە ئەھۋالغا قاراپ تاشقى پېرېۋوت ئاجرىتىپ بېرىدۇ . سۈپىتى ناچار ، سېتىلىش يولى بولمىغان تاۋارلارغا تاشقى پېرېۋوت تەستىقلاپ بەرمەيدۇ ؛ سىناپ ساتىدىغان تاۋارلارغا ئاز مىقداردا تاشقى پېرېۋوت تەستىقلاپ بېرىدۇ ؛ سۈپىتى ياخشى ۋە سېتىلىش يولى تېز بولغان تاۋارلارغا بولسا ئېھتىياجغا بىنائەن تاشقى پېرېۋوت تەستىقلاپ بېرىدۇ .

3 . جۇڭگودىن ئىمپورت قىلىنغان يېمەكلىك ، دورا ، يېنىك سانائەت بۇيۇملىرى ، كىيىم - كېچەك ، ئاياق ۋە باش كىيىم قاتارلىق كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرىغا نىسبەتەن باجنى يېرىم دەرىجە چۈشۈرۈپ ئېتىبار قىلىدۇ .

4 . تاموژنا باج نىسبىتىنى تەڭشەپ ، روسىيە - جۇڭگو سودىسىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ ، مېتالدىن ياسالغان مەھسۇلاتلار ، ماشىنا زاپچاسلىرى ، ئەينەك مەھسۇلاتلار ، كاۋچۇك مەھسۇلاتلارنىڭ چېگرا بېجىنى داۋاملىق تۆۋەنلىتىدۇ .

5 . تاموژنا ئېتىبار قىلىش سىياسىتىنى بېكىتىپ ، چېگرا سودا شىركەتلىرىنىڭ پورتقا يۆتكەپ بېرىش سودىسىنى راۋاجلاندۇرۇشنى يۆلەيدۇ .

6 . مەبلەغنىڭ زور مىقداردا سىرتقا ئېقىپ كېتىشىنى توساش ئۈچۈن ، روسىيە دۆلەتلىك تاموژنا كومىتېتى ساختا ئىمپورت توختاملىرىنى

قەتئىي ھالدا قاتتىق تەكشۈرۈپ تۇساپ، روسىيە - جۇڭگو سودا تەرەققىياتىنى تەدرىجىي ھالدا خەلقئارالىشىش ۋە قانۇن - تۈزۈملىشىش يولىغا ماڭدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

7. ئىككى تەرەپ ئىمزا قويغان كېلىشىملەرنىڭ تىزگىنلەش كۈچىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، روسىيە فېدېراتسىيىسى دۆلەتلىك تاشقى سودا باشقۇرۇش تارماقلىرى، روسىيە - جۇڭگو ئىككى تەرەپ كارخانىلىرى ئوتتۇرىسىدا ئىمزالانغان تاشقى سودا توختاملىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا قارىتا دەرىجىمۇ دەرىجە تەكشۈرۈپ تەستىقلاش رەسمىيىتىنى يۈرگۈزىدۇ. مەسىلەن، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش رەسمىيىتى بولمىسا، كېلىپ چىققان بارلىق زىياننى ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزلىرى ھەل قىلىدۇ. روسىيە فېدېراتسىيىسى دۆلەت تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش ئورۇنلىرى قانۇنىي جەھەتتە ھېچقانداق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالمايدۇ.

8. جۇڭگو ۋە باشقا ئاسىيا - تېنچ ئوكيان رايونىدىكى دۆلەتلەرنىڭ مەبلىغىنى جەلپ قىلىپ كىرگۈزۈش ئۈچۈن، روسىيە جۇڭگونىڭ كارخانىلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، بايلىقى مول بولغان سىبىرىيە ۋە يىراق شەرق رايونلىرىنى بىرلىكتە ئېچىپ، شەرقىي رايونلارنىڭ سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇشنى خالايدۇ.

# روسىيە فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتى ئىمپورت قىلىنىدىغان ۋە سېتىلىدىغان چەت ئەل ئىسپىرتلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ ماركىسى ۋە بەلگىسىگە قارىتا قارار چىقاردى

روسىيە فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى چېرنومېلكىن، 1996 - يىلى 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى موسكۋادا روسىيە فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ، روسىيە فېدېراتسىيىسى تاموژنا تەۋەسىدىكى رايونلار ئىچىدە «روسىيىدە ئىشلەنگەن» دېگەن ماركىنى بەلگە قىلغان ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ھەممىسى چەت ئەللەردە ئىشلەنگەن ئىسپىرتلىق مەھسۇلاتلارنى ئىمپورت قىلىش ۋە سېتىشقا قارىتا يېڭى بەلگىلىمە چىقارغان 943 - نومۇرلۇق بۇيرۇقىغا ئىمزا قويدى.

روسىيە ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىسپىرتلىق مەھسۇلاتلارغا مۇناسىۋەتلىك ماركا ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن تۆۋەندىكى بۇيرۇقنى ئېلان قىلدى:

1. 1996 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ روسىيە فېدېراتسىيىسى تاموژنا تەۋەسىدىكى رايونلارغا ئىسپىرتلىق مەھسۇلاتلارنى ئىمپورت قىلىش مەنئىي قىلىنىدۇ. 1997 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، روسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ «روسىيىدە ئىشلەنگەن» دېگەن ماركىنى ئىشلەتكەن ۋە ياكى باشقا خەتلىك ماركىلارنى قوللانغان، ئەمەلىيەتتە چەت ئەللەردە ئىشلەنگەن ئىسپىرتلىق مەھسۇلاتلار بولۇپ، بۇلارنى ئىستېمالچىلار روسىيىدە ئىشلەپ ئىشلەنگەن دەپ تونۇپ قالغان مەھسۇلاتلارغا قارىتا توختامنىڭ قوشۇمچە شەرتلىرى بىلەن بىردەك بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. «بۇيرۇق» تا يەنە، «روسىيىدە ئىشلەنگەن» دېگەن خەتنى ئىسپىرتلىق مەھسۇلاتلارنىڭ ماركىسى قىلىنىدىغان ئىمپورت تەلىپىنى، پەقەت ماركا ئىگىسى بىلەن ماركىنى قوللىنىدىغان ئىمپورت سودىگىرى ئوتتۇرىسىدا ئورغۇنلىغان توختاملارنى ئىمزالىغان

ئەھۋال ئاستىدا ، ھەمدە روسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ ئالاھىدە رۇخسەتنامىسى ۋە ماركا كومىتېتى ئەچىمدە بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە تىزىملىغان ئەھۋالدا ئاندىن ئىجرا قىلىشقا بولىدۇ ، دېيىلگەن .

2 . روسىيە فېدېراتسىيىسى دۆلەتلىك تاموژنا كومىتېتى روسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ تاموژنا قانۇنىنىڭ 20 ـ بابىغا بىنائەن « روسىيىدە ئىشلەنگەن » دېگەن ماركىنى بەلگە قىلىپ قوللىنىشنى ۋە باشقا ماركىلارنى قوللىنىشنى خالىغانچە تەلەپ قىلغان ، ئەمەلىيەتتە بولسا چەت ئەللەردە ئىشلەنگەن ئىسپىرتلىق مەھسۇلاتلارنى 1996 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئىلتىماس قىلمىغان ، ئىستېمال بېجى تاپشۇرمىغان ھەمدە مۇشۇ ئىسپىرتلىق مەھسۇلاتنى مەخسۇس سېتىش ماركىسىنى تاپشۇرمىغانلارنىڭ ھەممىسىنى روسىيە فېدېراتسىيە چېگرىسىغا كىرگۈزۈشكە بولمايدۇ .

3 . روسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ رۇخسەتنامىسى ھەمدە ماركا كومىتېتىنىڭ روسىيە فېدېراتسىيىسى دۆلەتلىك تاموژنا كومىتېتىغا مەلۇم قىلغان ، بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە تىزىملانغان ، ماركا قوللىنىش ھوقۇقى بېرىلگەن كېلىشىم ئۇچۇرلىرى مۇشۇ بۇيرۇقنىڭ قوشۇمچە شەرتلەرىدە كۆرسىتىلىدۇ .

4 . روسىيە فېدېراتسىيىسى سودا كومىتېتى « روسىيىدە ئىشلەنگەن » دېگەن ماركىنى ۋە باشقا خەتلەردىكى ماركىلارنى دائىملىق ھالدا تەكشۈرۈپ تۇرىدۇ ، ئىسپىرتلىق مەھسۇلاتلارنى سېتىش — توپ ۋە پارچە سېتىش سودىسىنى نازارەت قىلىدۇ .

# قىرغىزىستاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا بولغان ئىقتىسادىي سىياسىتى

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ھەر قايسى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن مۇستەقىل بولۇشىغا ئەگىشىپ بۇ رايوندا كىشىلەر ئىلگىرى تونۇپ يەتمىگەن مەسىلىلەر كۆرۈلۈشكە باشلىدى . ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى سوتسىيالىزمىنىڭ بىر تۇتاش ئىش تەقسىملەش پرىنسىپىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن ھەر قايسى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت ئىنتايىن ئاجىز بولغان . مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا ، ھازىر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى سودا بېرىش ـ كېلىشلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا بازىرىدىكى سودا ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 10% نى ئىگىلەيدىكەن . شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان ئۆز ئارا جەلپ قىلىش كۈچى ئوتتۇرا ئاسىيا بازار ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولىدىغان مۇھىم ئامىلىنىڭ بىرى .

ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى ، دۇنيادا سودا راۋاجلانغان يەر قانچە كۆپ بولسا ئۇرۇش بولىدىغان يەر شۇنچە ئاز بولىدۇ . ئوتتۇرا ئاسىيا بازىرىنى كۈچەيتىش ۋە كېڭەيتىش 30 مىليون ئاھالىگە ئىگە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ، ھەمكارلىشىپ ئالغا باسىدىغان ، تىنچ ، مۇقىملىققا باشلايدىغان مۇھىم يول .

ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ھەر قايسى دۆلەت خەلقلىرى ئورتاق بىر خىل تىل — تۈرك تىلىنى قوللىنىدۇ ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى ئوخشاش ، مىللىي ئەنئەنىسى

ئوخشاش، ئۆزئارا چېگرىداش، قاتناش لىنىيىسى ۋە ئاممىۋى ئەسلىھەلەر تورى ئۆزئارا تۇتىشىدۇ، ھەممىسى بىر قەدەر كۈچلۈك ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىقتىسادىي كۈچكە، شۇنداقلا سەۋىيىسى يۇقىرى، تېخنىكىسى ياخشى بولغان ئەمگەك كۈچى قوشۇنىغا ئىگە. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئىقتىسادنى بىر گەۋدە قىلىش، مەدەنىيەتنى بىر گەۋدە قىلىشتا پۇختا ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئاسىيا، ئافرىقىدىكى ئىقتىسادىي كۈچى ئوخشىشىپ كېتىدىغان دۆلەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى خەلقلەرنىڭ تەربىيىلىنىش دەرىجىسى يۇقىرى، خەلقنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ چەت ئەل مەبلىغىنى جەلپ قىلىش، چەت ئەل مەبلەغىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىشىنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى بەلگىلىگەن.

روسىيىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى چوڭ، ئۇنىڭ بىۋاسىتە ئارىلىشىشى ئوتتۇرا ئاسىيا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى بىر چوڭ ئالاھىدىلىك. ماھىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، روسىيە ئوتتۇرا ئاسىيانى مال بىلەن تەمىنلەيدىغان ئەڭ چوڭ سودىگەر بولۇپ، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا بازىرىنى ئۆز رايونىدا ئىشلەپچىقىرالمايدىغان، يىراق دۆلەتلەردىن ئىمپورت قىلسا قىممەت توختايدىغان تۈرلۈك تاۋارلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. روسىيىنى ئوتتۇرا ئاسىيىدىكى بەش دۆلەتنىڭ ئالتىنچى سودا شېرىكى دېيىشكە بولىدۇ. ئىقتىسادىي ئىسلاھات دولقۇنى ئوتتۇرا ئاسىياغىمۇ يۈرۈش قىلدى. باھانىڭ قويۇۋېتىلىشى ئوتتۇرا ئاسىيا بازىرىدا ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىش ھاسىل قىلدى. ئەركىن باھا ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن ئارىلىقى بىر قەدەر يىراق بولغان رايون تاۋارلىرىنىڭ توشۇلۇش ھەققى قىممەت بولۇش، تەننەرخى يۇقىرى بولۇش سەۋەبىدىن رىقابەتتىن چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر قىلدى. بۇنىڭ تەسىرىدىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىدىكى قوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولغان سودا سوممىسىمۇ تۆۋەنلىدى. روسىيە بىلەن بولغان سودا سوممىسى تۆتتىن ئۈچ قىسىم ئازلىدى. ئۇنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىنى قاتناش ئامىلى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

روسىيە بىلەن بولغان ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنىڭ ئاجىزلىشىشى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى بازارلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى ئاملىغا ئايلانغان. ئوتتۇرا ئاسىيا بازىرىنى ئېچىشتا نۇرغۇن ئوبيېكتىپ سەۋەب بار. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر نەچچە دۆلەت ئۆز ئالدىغا بىر نەچچە دۆلەتتە ئورتاق ساقلىنىۋاتقان ئىقتىسادىي مەسىلىنى ھەل قىلىش چارىسىنى سىناپ كۆرگەن، بىراق ھەممىسى مۇشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا بىر نەچچە دۆلەت ئورتاق كېڭىشىپ ھەل قىلىدىغان مەسىلىلەر ساقلانغان، يەنى ئورتاق بولغان سۇ بايلىقى، ئېنېرگىيە بايلىقىدىن قانداق پايدىلىنىش، ئورتاق بولغان قاتناش، پوچتا - تېلېگراف، ئالاقىلىشىش، نېفت گازى، سۇ، ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش لىنىيىلەرىنى قانداق تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىق مۇھىم مەسىلىلەر. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا سۇ مەنبەسىدىن ئورتاق پايدىلىنىش كېلىشىمى ئىمزالاندى، بىراق بۇ تېخى يېتەرلىك ئەمەس.

ئۇلاردىن قالسا، سىياسىي سەۋەب ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ ئىقتىسادنى بىر گەۋدە قىلىشتىكى نۇرغۇن ئوبيېكتىپ شەرت ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم ئامىل. سىياسىي سەۋەبتىن، 1993 - يىلى قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، قازاقىستان ئۈچ دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش ئىقتىسادىي ھەمكارلىق گەۋدىسى قۇرۇلدى. قازاقىستان بىلەن روسىيەنىڭ بىر - بىرىگە زىچ باغلانغان ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن روسىيە، بېلورۇسىيە، قازاقىستان ۋە قىرغىزىستان قاتارلىق

دۆلەتلەر قاتناشقان بىر تۇتاش تاموژنا بىرلەشمە گەۋدىسى قۇرۇلدى . بۇ سىياسىي ئىتتىپاقداشلار ئەمەلىيەتتە بىر تۇتاش ئىقتىسادىي رايوننىڭ قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرمەكتە .

ئوتتۇرا ئاسىيا بازىرىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات ئىستىقبالى قانداق بولىدۇ ؟ 1992 - يىلىدىن 1996 - يىلىغىچە قولغا كەلتۈرگەن تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى : ئوتتۇرا ئاسىيا بازىرى مۇقەررەر ھالدا ئاستا بىراق مۇقىم قەدەم بىلەن تەرەققىي قىلىدۇ . بۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىگە ماس كېلىدىغان تەرەققىيات ، بۇ قانۇنىيەت بازارنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت سودا پائالىيىتىدىن ئىبارەت .

پەرەز قىلىشقا بولىدىغان كەلگۈسىدە ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئىقتىسادىي بىرلەشمە گەۋدىسى ئىقتىساد ، مالىيە ۋە ئىجتىمائىي سىياسەتلەردە ماسلىشىشى ۋە مۇكەممەللىشىشى مۇمكىن .

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۈچ دۆلەتنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئىقتىسادىي بىرلەشمە گەۋدىسى ۋە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى تۆت دۆلەتنىڭ تاموژنا بىرلەشمە كېلىشىمگە ئەزا بولۇش سۈپىتى بىلەن قىرغىزىستان بىلەن قازاقىستان ئوتتۇرىسىدا ئىقتىسادىي بىر گەۋدە قىلىش تامامەن مۇمكىن .

ئۆزبېكىستان بىلەن تۈركمەنىستان ئوتتۇرىسىدا ئىقتىسادىي بىر گەۋدە قىلىشنىڭ مۇمكىنچىلىكى چوڭ ئەمەس ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىرتىدا .

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىگىلىكىنى مۇستەقىل تەرەققىي قىلدۇرۇشى 1992 - يىلى باشلانغان ، ئۇ ۋاقىتتا ھەممىسى ئوخشاش سەۋىيىدە ئىدى ، بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات دەرىجىسى ئوخشاش بولمايدۇ . مەسىلەن : تۈركمەنىستان ، قازاقىستان ۋە ئۆزبېكىستاندىن ئىبارەت مول تەبىئىي گاز ، نېفىت ، كۆمۈر بايلىقىغا ئىگە بۇ ئۈچ دۆلەتنىڭ تەرەققىياتى باشقا دۆلەتلەرنىڭكىدىن تېز بولىدۇ .

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات سۈرئىتىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى ھەر قايسى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت ۋە تاينىش مۇناسىۋىتىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ . ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر گەرچە دېموكراتىيە تۈزۈمى قوللانسىمۇ بىراق ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي مۇقىملىقى بىر گەۋدىلەشتۈرۈشنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسەتمەكتە . ئۇنىڭدىن باشقا ، جۇڭگو بىلەن ئاسىيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرمۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىماقتا .

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىنى بىر گەۋدە قىلىش سۈرئىتى شۇ رايوننىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئىشلەپچىقىرىلغان تاۋارلارنىڭ تۈرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك . ھازىر دانلىق زىرائەت ، ئاشلىق ، ئېنېرگىيە ، يېقىلغۇ بازارلىرىدىكى ھەمكارلىق ۋەزىيىتى ياخشى بولماقتا . قىرغىزىستانغا نىسبەتەن ئېيتقاندا جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە ئۆزئارا باراۋەر ، مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان شەرت ئاستىدا سۇ ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىنى ھەل قىلىش ، يېقىلغۇ ، ئەينەك ، تاختا كاھىش ، سېمونت ۋە باشقا تاۋارلارنى سېتىشتىن ئىبارەت . قىرغىزىستان ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي شېرىكلىرىدىن ئاشلىق ، پولات ماتېرىياللىرى ، تەبىئىي گاز ، كۆمۈر ۋە يېمەكلىككە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىدۇ .

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر سودىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن بىر قاتار تېخنىكا مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ ،

يەنى پۇل ئالماشتۇرۇش ، بانكىنىڭ راسچوت قىلىش ، پۇل تۆلەش قاتارلىق كونكرېت مەشغۇلات مەسىلىلىرى . تەخمىنەن 2 ــ 3 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ ( نەزىرىيە جەھەتتە 3 ــ 4 ئاي ) ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى راۋانلاشتۇرۇشقا بولىدۇ .

هازىر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا ھەمكارلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئورنىتىشنىڭ ئاكتىپچانلىقى يۇقىرى ئەمەس . بۇنىڭدا ئىككى سەۋەب بار ، بىرى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ مەبلىغى كەمچىل ، يەنە بىرى ھەر قايسى دۆلەتلەر ئۆزىنىڭ مەبلىغىنى باشقا دۆلەتلەرگە سېلىشنى خالىمايدۇ .

قىرغىزىستاننىڭ يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدە يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ۋە سىمسىز رادىئو ئەسۋابلىرى سانائىتىنى قۇرۇش توغرىسىدىكى پەرەز . ئەگەر تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە بۇ يۇقىرى تېخنىكىلىق ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى بەرپا قىلىنىدىغان بولسا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپلا قالماي ، مەھسۇلاتلار دۆلەت ئىچىدىكى ئېھتىياجنى قاندۇرۇپ ، يەنە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى ۋە ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى بازارلىرىغا ئېكسپورت قىلىنىدۇ . ئەمگەك كۈچى ئەرزان ، تەننەرخى تۆۋەن بولۇشتەك ئەۋزەللىك بىلەن خەلقئارا بازاردىكى ئوخشاش تۈردىكى تاۋارلار بىلەن رىقابەتلەشكىلى بولىدۇ .

قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ ئىقتىسادىي سودا تەرەققىياتىغا نىسبەتەن نۇرغۇن پەرەزلىرى بار ، بىراق كىچىك دۆلەت بولغانلىقتىن ئۆز دۆلىتىنىڭ خەلق ئىگىلىكىنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىدۇ ، ئۇلار ئابستراكىت ، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان قۇرۇق خىياللارنى تەشەببۇس قىلمايدۇ . پەقەت ئۆزئارا باراۋەر مەنپەئەت يەتكۈزۈش شەرتى ئاستىدا ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ ئىقتىسادنى ئورتاق تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن بىر كىشىلىك ھەسسە قوشۇشنى ئويلايدۇ .

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىنى بىر گەۋدە قىلىشنىڭ تەرەققىياتى تېخى يېتەرلىك ئەمەس . ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر ئۆز رايونىنىڭ ئىقتىسادىنى بىر گەۋدە قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، تېخىمۇ تېز سۈرئەتتە دۇنيا ئىقتىسادىنى بىر گەۋدە قىلىشقا يۈزلىنىشى كېرەك . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيا بازارلىرى ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ كونكرېت شەرتلىرى ۋە زور يوشۇرۇن كۈچىنى هازىرلىشى كېرەك ، ئوتتۇرا ئاسىيا بازىرى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا مول جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىقتىسادىي رامكىدۇر .

## روسىيە فېدېراتسىيىسىدىكى ئالتاي چېگرا رايونىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

ئالتاي چېگرا رايونى روسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى ئالتاي تاغلىق رايونىغا جايلاشقان ، روسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ بىر چېگرا رايونى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . شىمالىي تەرىپى غەربىي سىبىرىيە تۈزلەڭلىكىنىڭ جەنۇبىدىكى مۇتەدىل بەلباغ رايونىغا تۇتۇشىدۇ ؛ شەرقىي جەنۇبى تەرىپى مۇڭغۇلىيە ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان ئال-

تـاي رايـونى بىلەن چېگرىداش ( چېگرا سىزىقـ
نىڭ ئۇزۇنلۇقى 54 كىلومېتىر كېلىدۇ ) ؛ شىمالىي
تـەرىپى يېڭى سىبىرىيە ئوبلاستى ۋە كېمېروۋ
ئوبلاستىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ . شەرقىي تەرىپى
تۇۋا ئاپتونوم رايونى ۋە كراسنويارسكى چېگرا
رايونىنىڭ خاكىس ئاپتونوم ئوبلاستى بىلەن
قوشنا ؛ غەربىي جەنۇبى تەرىپى شەرقىي قازاقىسـ
تـان ئوبلاسـتى ۋە سېمىپالاتىنىسكى ئوبلاستى بىـ
لەن ، غەربىي تەرىپى پاۋلودار ئوبلاستى بىلەن
چېگرىداش . روسىيە فېدېراتسىيىسىگە جايلاشقان
ئالتاي چېگرا رايونىنىڭ ئومۇمىي يەر مەيدانى 261
مىڭ 700 كۋادرات كىلومېتىر ، مەركىزى بارنائۇل
شەھىرى ، موسكۋا بىلەن بولغان ئارىلىقى 3419.5
كىلومېتىر . ئالتاي چېگرا رايونى گورنو ئوبلاستى
ۋە ئالتاي ئاپتونوم ئوبلاستىدىن ئىبارەت ئىككى
ئوبلاستنى ، 66 مەمۇرىي رايوننى ، 12 شەھەرنى ،
38 شـەھەر بازارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ، 2 مىليون
777 مىڭ ئاھالىسى بار ، شەھەر ئاھالىلىرى پۈتۈن
ئاھالىنىڭ 55%نى ئىگىلەيدۇ .

ئاساسلىق دەريا ئوب دەرياسى بولۇپ ،
يـىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 150 — 200 مىلـ
لىمېتىر ، تاغلىق رايوننىڭ ھۆل - يېغىن مىقدارى
1500 — 3000 مىللىمېتىر . ئالتاي چېگرا رايونىنىڭ
ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئورمانلىق قاپلىغان . بۇ راـ
يوندا تەبىئىي بايلىق مـول ، ئاساسىي شارائىتى
ياخشى ، سـۇ ، ئاۋئاتسىيە ، تۆمۈر يول ۋە تاش
يول ترانسپورت ئىشلىرى قولايلىق ( تۆمۈر يول
لىنىيىسى 1811 كىلومېتىر ) سانائەت ئۈسكۈنىلىرى
تولۇق ، كانچىلىق ، ياقۇت ، رەڭلىك مېتال ، قارا
رەڭلىك مېتال ، ئېنېرگىيە پىششىقلاپ ئىشلەش ،
مېتاللۇرگىيە ۋە ئېلېكتر ئېنېرگىيە سانائىتى قاـ
تارلىقلار ئىنتايىن كۈچلۈك ، ئىقتىسادىي كۈچى
زور ، يەن - تېخنىكا سەۋىيىسى ۋە خەلقنىڭ
تۇرمۇش سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى ، بۇ رايون
ئىـككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە سابىق سو-
ۋېت ئىتتىپاقىنىڭ زور ئارقا سېپى بولغان .

يـېزا ئىگىلىكى چوڭ يېزا ئىگىلىكىنى ئاـ
سـاس قىلىدۇ ، ئاساسلىق كالا سۈتى ۋە گۆش
چىقىرىدۇ . بارنائۇل شەھىرى 1930 - يىلى قۇـ
رۇلغان بولۇپ ، ئوب دەرياسىدىكى پورت . بۇ
شەھەردە ئالتە ئالىي مەكتەپ ( ئالتاي ئۇنىۋېرسىتېـ
تىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) ، تۆت تىياتىرخانا ۋە
ئىككى مۇزېي بار ، ئاھالىسى 596 مىڭ . شەھەر
رەتلىك ، يوللىرى كەڭ ھەم تۈز ، چوڭ - كىـ
چىك باغچىلار شەھەرنى قاپلىغان بولۇپ ، ئۇزاق
مۇددەتلىك تـارىـخـىـي مەدەنىيىتى ۋە مەشھۇر
ئاسارە - ئەتىقىلىرى ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى
ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىدۇ .

بـارنائۇل شەھىرى غەربىي سىبىرىيىدىكى
تۆمۈر يول تۈگۈنى بولۇپ ، غەربىي سىبىرىيە
تۆمۈر يولى نوۋوسىبىرسكى شەھىرىگە ئۇدۇل
تـۇتۇشىدۇ ، بۇ تۆمۈر يول نوۋوكوزنېتسكى ، ئاـ
بـاكان ، كراسنويارسكى ، كامېن ، كوكچېتاۋ ،
قوستاناي ، پاۋلودار ، ئىككىباستۇز ، ئاقمولا ،
سـېمىپالاتىنىسكى ، ئۇست كامىنگورسكى ، لېنىـ
نوگورسكى ، كىرۇۋسكى ، ئاياگوز ، ئالماتا قاتارـ
لىق شەھەرلەرنى ۋە شىنجاڭنىڭ ئالاتاۋ سودا ئېـ
غىزى قاتارلىق جايلارنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇـ
رىـدۇ . بارنائۇل بىلەن نوۋوسىبىرسكى ئوتتۇرىـ
سـىدىكى تۆمۈر يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى 213 كىلومېتىر
كېلىدۇ ، بۇ ئىككى شەھەر ئارىلىقىدىكى تاش
يولدا قاتناش قولايلىق .

ھـازىر ئۈرۈمچى — نوۋوسىبىرسكى —
موسكۋا ئاۋئاتسىيە لىنىيىسى ئېچىلدى ، بۇ تېخى
شىنجاڭلىقلارنىڭ دىـقـقـىـتـىـنـى قوزغىمىغان
« ئالتۇن يول » .

روسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ئاۋئاتسىيە لىـ
نىيىسىنى ئېچىشتىكى مەقسىتى ، بۇ لىنىيە ئارقىلىق
نوۋوسىبىرسكى ، غەربىي سىبىرىيە ، ئالتاي چېگرا
رايونى ، شىنجاڭ ۋە جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالـ

دىكى رايونلار ئارا ئىقتىسادىي سودا مۇناسىۋەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت .

ھاۋا كىلىمات شارائىتى ناچار بولغانلىقتىن ، سىبىرىيە رايونىدىكى ئاھالىلارنى تارىختىن بۇيان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا رايونلار مېۋە ۋە كۆكتات بىلەن تەمىنلەپ كەلگەنىدى ، لېكىن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشىغا ئەگىشىپ ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە بۇ دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ئىقتىسادىي بىرىپ - كېلىش ئازايدى ، شۇنىڭ بىلەن نوۋوسىبىرسكى رايونىدىكى ئاھالىلارنىڭ مېۋە ۋە كۆكتات كىرگۈزۈش مەسىلىسىمۇ قىيىنلاشتى . شۇڭا ھازىر روسىيە ھۆكۈمىتى چەت ئەللەردىن مېۋە ، كۆكتات ۋە كۈندىلىك بۇيۇملارنى ئىمپورت قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانماقتا . ئىلگىرى ئېچىلغان نوۋوسىبىرسكى — بېيجىڭ — تيەنجىن ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى ھازىر مۇھىم رول ئوينىماقتا . بۇ ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسىدە ھەر ئايدا 100 قېتىم ئايروپىلان قاتنايدۇ . ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى ئۇزۇن بولۇپ ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇش ۋاقتى 4 — 6 سائەتكە يېتىدۇ. ئۈرۈمچى بىلەن نوۋوسىبىرسكى ئارىلىقىدا ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇش .ۋاقتى پەقەت بىر سائەت 50 مىنۇت بولۇپ بۇ ئۈرۈمچى — ئالماتا ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى بىلەن ئانچە پەرق قىلمايدۇ .

شىنجاڭ بۇ لىنىيە ئارقىلىق روسىيە بىلەن بولغان ئىقتىسادىي سودا مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ . شىنجاڭدا ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنىڭ نوۋوسىبىرسكىدا بازىرى ئىتتىك ، جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى رايونلارمۇ روسىيىدە ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارغا ئېھتىياجلىق .

ھازىر ، نوۋوسىبىرسكىدىكى سودىگەرلەر شىنجاڭنى تولۇق چۈشەنمەيدۇ ، ئۇلار تيەنجىن ، بېيجىڭ ھەتتا شېنجېنلىق سودىگەرلەر بىلەن قويۇق ئالاقە قىلىۋاتىدۇ ، شىنجاڭ بىلەن نوۋوسىبىرسكىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى تەرەپ ئۆزئارا قارشى تەرەپنىڭ ئالدى بىلەن ھەرىكەت قوللىنىشىنى كۈتمەكتە ، بىز شىنجاڭلىقلارنىڭ ئالدى بىلەن بىرىنچى قەدەمنى ئاتلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز .

## شىنجاڭدا ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋارلارنى ئىشلەپچىقىرىش بازىسىنى قۇرۇش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدا

ئىسلاھات ئېچىۋېتىشتىن بۇيان دۆلىتىمىزنىڭ تاشقى سودىسى ئۆزلۈكسىز ياخشى تەرەققىي قىلىش ھالىتىنى ساقلاپ كەلدى ، ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 16% ئاشتى ، بۇ سۈرئەت ئوخشاش مەزگىلدىكى دۆلىتىمىز ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى 9.3% كە ۋە ئوخشاش مەزگىلدىكى يىللىق دۇنيا سودا ئېشىش نىسبىتى تەخمىنەن 4% كە قارىغاندا يۇقىرى . 1994 - يىلىغىچە دۆلىتىمىزنىڭ ئېكسپورت سودا سوممىسى 12 مىليارد 100 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ ، دۇنيا سودا ئېكسپورت سوممىسىنىڭ 2.9% نى ( 4168 مىليارد 300 مىليون ئامېرىكا دوللىرى ) ئىگىلىگەن .

ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋار ئىشلەپچە

قىرىشنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئېكسپورت مال مەنبەسىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن ، دۆلىتىمىز ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋار ئىشلەپچىقىرىشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان ۋە ياردەم بېرىدىغان بىر قاتار سىياسەت ھەم ئۇسۇللارنى قوللاندى .مەركەز تاشقى سودا ساھەلىرىنىڭ ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋار ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىنى قۇرۇشنى ، ماركىسى داڭلىق ۋە كوزىر مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىپ ، خەلقئارا بازارنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىشنى ئوتتۇرىغا قويدى . شۇنىڭ بىلەن بىرگە گوۋۇيۈەن مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ دۆلىتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ھەر خىل ئېكسپورت تاۋار ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىنى قۇردى . شىنجاڭدا 1979 ـ يىلىدىن باشلاپ ، ئىلگىرى كېيىن بولۇپ قۇلماق ، ئۈزۈم ، قۇرۇق ئۈزۈم ، نەشپۈت ، قوغۇن ۋە پەمىدۇر قىيامى قاتارلىق كۆپ خىل ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرى قۇرۇلدى . كۆپ يىللاردىن بۇيان بۇ ئېكسپورت تاۋار بازىلىرى شىنجاڭنىڭ تاشقى سودا ئىشلىرىدا ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋار مەنبەسىنى ئۈزلۈكسىز كۆپەيتىش ئۈچۈن ئاكتىپ رول ئوينىدى ، شۇنداقلا يەرلىك مالىيىگە ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىپ بەردى . 1994 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ ئىمپورت ـ ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليارد 41 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ ، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى %24.1 بولدى ؛ ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ %7.85 نى ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئېكسپورت سوممىسىنىڭ %0.47 نى ئىگىلىدى .

مەسىلەن : ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋار بازىسى قۇرۇلۇشتىن ئاۋۋال ، تۇرپان ئۈزۈمىنىڭ ( ھۆل ) بىر كىلوگرامى 0.19 يۈەن ، قۇرۇق ئۈزۈمنىڭ بىر كىلوگرامى 1.43 يۈەن ئىدى . بازا قۇرۇلغاندىن كېيىن ، قۇرۇق ئۈزۈمنىڭ بىر كىلوگرامى 8 ـــ 12 يۈەن بولدى . ئۈزۈم تېرىلىدىغان يەرنىڭ كۆلىمى ئىلگىرىكى 33 مىليون 300 مىڭ كۋادرات مېتر ( 50 مىڭ مو ) يەردىن كۆپىيىپ ھازىرقى 113 مىليون كۋادرات مېتر ( 165 مىڭ مو ) يەرگە ، ئۈزۈم ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى تەخمىنەن 152 مىليون كىلوگرامغا ( 106 مىليون يۈەن ) يەتتى . قۇرۇق ئۈزۈمنىڭ ئېكسپورت قىلىنىش مىقدارى يىللىق ئوتتۇرىچە ھېساب بىلەن ئىلگىرىكى 400 توننىدىن كۆپىيىپ 2000 نەچچە تونناغا يەتتى . ھەر يىلى يارىتىلغان پېرېۋوت 3 مىليون 200 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولدى . بۇنىڭدىن باشقا يەنە نەشپۈتنىڭ ئېكسپورت قىلىنىش مىقدارىنى مىسالغا ئالساق : ئىلگىرىكى يىللىق ئوتتۇرىچە مىقدارى 760 توننىدىن ئېشىپ 9000 تونناغا ، ھەر يىلى يارىتىلغان پېرېۋوت 8 مىليون 100 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى . بولۇپمۇ شىنجاڭدا ئىشلەپچىقىرىلغان پەمىدۇر قىيامىنىڭ ئېكسپورت قىلىنىش مىقدارى يىلدىن ـ يىلغا كۆپەيدى ، ئىلگىرى پەمىدۇر قىيامىدىن پەقەت ھەر يىلى 3000 توننا ئېكسپورت قىلىناتتى ، ھازىر ھەر يىلى 80 مىڭ توننا ئېكسپورت قىلىنىپ ، يىلدا يارىتىلغان پېرېۋوت 56 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى . شىنجاڭنىڭ 1989 ـ يىلىدىكى يىللىق سودا ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 290 مىليون ئامېرىكا دوللىرى ئىدى ، 1995 ـ يىلغىچە ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 650 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى . يۇقىرىدىكى مىساللار ، شىنجاڭنىڭ تاشقى سودا ئېكسپورت تەرەققىيات سۈرئىتىنىڭ تېز بولغانلىقى ، ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋار ئىشلەپچىقىرىش بازىسىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . بۇنىڭدىن ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋار ئىشلەپچىقىرىش بازىسىنى ياخشى قۇرۇپ چىقىش ، ئېكسپورت قىلىنىدىغان مال مەنبەسىنى

كۆپەيتىش، ئېكسپورتنى كېڭەيتىش ۋە تاشقى سودىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئۈنۈملۈك ئۇسۇل ئىكەنلىكىنى؛ تاشقى سودىغا نىسبەتەن، ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋار ئىشلەپچىقىرىش بازىسىنى قۇرۇش، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ۋە يەرلىك ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈشتە ئاكتىپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ رول ئوينىغانلىقىنى، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە تاشقى سودا ئىشلىرى ئۈچۈن مۇئەييەن تۆھپە ياراتقانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. گەرچە بىز ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋار ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىنى ۋە مەخسۇس زاۋۇتلارنى قۇرۇش ھەم ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مۇئەييەن نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن بولساقمۇ، لېكىن يەنىلا بەزى مەسىلىلەر مەۋجۇت:

1. بازىرى ئىتتىك يېڭى مەھسۇلاتلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا سەل قاراش. نۇرغۇنلىغان ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ كەينىدىن ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋار يۆلىنىش نىشانى ئېنىق ئەمەس، داۋاملىق ھالدا بازار مودا ئېھتىياجىنىڭ ئارقىدا قېلىپ، پاسسىپ ھالەتتە تۇرىدۇ، نۇرغۇنلىغان كارخانىلار بۇ خىل ئەھۋالنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلسىمۇ، لېكىن بۇنىڭغا كېرەكلىك مالىيىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

2. كەسپىي تېخنىك تايانچ كۈچلىرىنى تەربىيىلەش يېتەرسىز.

3. ئىستېمال پسىخولوگىيىسىنى ئانالىز قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش خىزمىتىگە ئېتىبار بېرىلمەيدۇ.

شۇڭا بۇ خىل ئەھۋاللارغا ئەھمىيەت بېرىپ، تۆۋەندىكى بىر نەچچە خىل تەدبىرنى قوللىنىش كېرەك:

1. دۆلەت مالىيىسى ۋە يەرلىك مالىيە ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋار ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىغا ھەر يىلى مۇئەييەن مىقداردا پۇل ئاجرىتىپ بېرىشى، كارخانىلار دۆلەت بەرگەن بۇ پۇلنى يېڭى مەھسۇلاتلارنى تەتقىق قىلىپ ياساشقا ئىشلىتىپ، مەھسۇلاتلارنى ئۆز ۋاقتىدا بازار ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇپ ۋە يېڭى بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇپ، يېڭى بازار ئېچىش كېرەك.

2. ھۆكۈمەت تارماقلىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر، تاشقى سودا كارخانىلىرى ۋە بازا كارخانىلاردىكى ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تېخنىكا ئورنىدا تەربىيىلىنىشىنى كۈچەيتىشى، چەت ئەللەرگە ئەۋەتىپ تەربىيىلەشنى ۋە چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلىپ ئۇلارنىڭ تېخنىكا ئۆگىنىشىنى كەڭ قانات يايدۇرۇشى كېرەك. ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى ۋە كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ياخشىلاشتىكى مۇھىم ئاچقۇچ.

3. پىلانلىق ۋە مەقسەتلىك ھالدا ھەر خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق خېرىدارلارنىڭ ئىستېمال پسىخولوگىيىسىنى، ئارزۇسىنى ۋە يۆلىنىشىنى تەكشۈرۈش، ھەر خىل ماتېرىياللارنى ئانالىز قىلىپ تەتقىق قىلىش، سىناپ ياساش، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈش ۋە ئۆزگەرتىپ ئىشلەپچىقىرىپ سېتىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش، رىقابەت كۈچىنى كۈچەيتىش، سېتىش تورىنى كېڭەيتىش، سېتىش يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇش كېرەك.

4. مەملىكىتىمىزنىڭ تاشقى سودا ئىقتىسادىي باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنىڭ خەلقئارادا ئومۇملىشىۋاتقان قائىدىلەرگە قەدەممۇ - قەدەم يېقىنلىشىشىغا ئەگىشىپ، تاشقى سودا ئەركىن كىرىدىغان ساھەگە ئايلىنىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنىڭ خۇسۇسىي تىجارىتىدىكى ئېكسپورت تاۋارلىرى بارغانچە كېڭەيمەكتە، شۇڭا بىزنىڭ تاشقى سودا ماكرو سىياسىتىمىز خەلق-

ئارلىق قىلىپلىششقا تېزلىك بىلەن ماسلىششى ، تاشقى سودا ئومۇمىيۈزلۈك ئېچىۋېتىلىشى كېرەك . دۆلىتىمىزنىڭ تاشقى سودا كارخانىلىرى يەنە بىر قېتىملىق زەربىگە دۇچ كەلمەكتە . بۇ تاشقى سودا كارخانىلىرىنىڭ ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋار ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇلۇشىنى قانداق ياخشى تۇتۇشتا يېڭى بىر چوڭ تېمىنى ئوتتۇرىغا قويدى . ئېكسپورت تاۋار بازىلىرى پەقەت تاشقى سودا كارخانىلىرىنى ئېكسپورت قىلىنىدىغان مال مەنبەسى بىلەن تەمىنلەپلا قالماي ، بەلكى داڭلىق مەھسۇلاتلار بىلەن تەمىنلەشكىمۇ كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك . ئەمەلىيەت ، تاشقى سودا كارخانىلىرىنىڭ ئۆزىگە مەنسۇپ بولغان ئېكسپورت تاۋار بازىسى بولغاندىلا ، ئاندىن يۇقىرى سۈپەتلىك مۇقىم ئېكسپورت مال مەنبەسى بولىدىغانلىقىنى ۋە خەلقئارا بازاردىكى كۈچلۈك رىقابەتتە يىلمىماس ئورۇننى تىكلىگىلى بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى .

نۆۋەتتە ، تاشقى سودا كارخانىلىرى پەقەت ئىلگىرى بار بولغان ئېكسپورت تاۋار بازىلىرىنى مۇستەھكەملەپ ۋە ياخشىلاپلا قالماي ، يەنە خەلقئارا بازار ئېھتىياجىغا تېخىمۇ كۆپ ، تېخىمۇ ياخشى ماس كېلىدىغان يېڭى ئېكسپورت تاۋار بازىلىرىنى ، كارخانىلارنى ۋە مەخسۇس زاۋۇتلارنى ئۈزلۈكسىز قۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇپ ، شىنجاڭنىڭ تاشقى ئىقتىسادىي سودا تەرەققىياتى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپىلەرنى قوشۇشى كېرەك .

## قازاقىستان بىلەن ئۇكرائىنانىڭ ئىقتىسادىي سودا ھەمكارلىق ئەھۋالى

يېقىندا ، قازاقىستان بىلەن ئۇكرائىنا كېيېۋ شەھىرىدە بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ ھەمكارلىق مەسىلىسى توغرىسىدا سۆھبەت ئۆتكۈزدى . سۆھبەتكە قازاقىستان تەرەپتىن مەملىكەتلىك مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمە گەۋدىسى كومىتېتى ، ئىقتىسادىي مىنىستىرلىك ، ئىقتىسادىي سودا مىنىستىرلىكى ، تاموژنا كومىتېتى ، دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى ، نېفىت مىنىستىرلىكى ، تەبىئىي گاز سانائىتى مىنىستىرلىكى ۋە سودا سانائەت كارخانا مىنىستىرلىكى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشتى . ئىككى تەرەپ مۇزاكىرىلەشكەن ۋە كېلىشىم تۈزگەن مەسىلىلەر : قوش باج ئېلىشتىن ساقلىنىش ۋە باج تاپشۇرماسلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەسىلىسى ؛ ئىككى تەرەپ نېفىت تارماقلىرىنىڭ ھەمكارلىششقا مۇناسىۋەتلىك پرىنسىپلىرى ؛ ئۇكرائىنا بىلەن قازاقىستاندىكى مەملىكەتلىك ئىقتىسادىي كومىتېتلارنىڭ ھەمكارلىشىش چارىلىرى ۋە پىلانى ؛ 1994 - يىلى 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تۈزۈلگەن نېفىت سودا كېلىشىمى ۋە سانائەت كارخانا سودا ھەمكارلىق كېلىشىمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش مەسىلىسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت .

يېقىندا ئىككى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي سودا ھەمكارلىقى مۇزاكىرە قىلىنىپ ، يېقىنقى يىللاردىكى سودا ئەھۋالى ئانالىز قىلىندى . تاۋار سودا سوممىسى 1995 - يىلى ، 1994 - يىلى ۋە 1993 - يىللىرىغا سېلىشتۇرغاندا ئايرىم - ئايرىم ھالدا 16% ۋە 50% تۆۋەنلىگەن . 1993 - يىلى ئۇكرائىنانىڭ قازاقىستاندىكى تاشقى سودىسى ئىككىنچى ئورۇندا تۇراتتى ، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى نىسبىتىمۇ 10% ئەتراپىدا ئىدى . 1995 - يىلى

پەقەت 3.8%نى ئىگىلىدى ، 1995 - يىلى قازاقىس-
تاننىڭ ئۇكرائىنادىن ئىمپورت قىلغان تاۋارلىرى
30% تۆۋەنلىدى .

قازاقىستاننىڭ ئۇكرائىناغا ئېكسپورت
قىلغان نېفىت ۋە نېفىت مەھسۇلاتلىرى 76.5%
نى ، ئورگانىك خىمىيە بۇيۇملىرى 6.3% نى ، قارا
مېتاللار 4%نى ئىگىلىدى . قازاقىستاننىڭ ئۇكرائى-
نادىن ئىمپورت قىلغان تاۋارلىرى ئاساسلىقى
ماشىنسازلىق ئۈسكۈنىلىرى 20.6% نى ، شې-
كەر 9.8%نى ، ئىسپىرت 9.8%نى ، قاتناش قورال-
لىرى 7.2% نى ئىگىلىدى .

ئىككى دۆلەت سودا سوممىسىنىڭ تۆۋەن-
لىشىدىكى سەۋەب تاموژنا بېجىدۇر . بۇ مەسىلىنى
ئىككى دۆلەت ئىلگىرى نۇرغۇن قېتىم مۇزاكىرە
قىلغان بىراق ئورتاق پىكىرگە كېلەلمىگەن .
ئۇكرائىنا تەرەپ بولسا ئىمپورت - ئېكسپورت
تاموژنا بېجىنى بىكار قىلىشتا چىڭ تۇرىدۇ ،
قازاقىستان تەرەپ بولسا تاموژنا ئىتتىپاقداش
جەمئىيىتى ۋە ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ئور-
تاق تاۋار سودا چەكلىمىسىنى ( ئاساسەن ئىم-
پورت تاموژنا بېجىنى ) باسقۇچ خاراكتېرلىك ئە-
مەلدىن قالدۇرۇش كېلىشىم مەسىلىسىدە ئۆزىنىڭ
ئۈچىنچى دۆلەت بىلەن سودا قىلىش پرىنسىپىدا
چىڭ تۇرىدۇ .

سۆھبەت يىغىنىدا ، « زاس ماشىنا »
ھەسسىدارلىق شىركىتى بىلەن « ئورال ماشىنا-
سازلىق زاۋۇتى » ھەسسىدارلىق شىركىتى كېلى-
شىمنامە ئىمزالىدى ، دۆلەتلىك « Ж[illegible]нрмо »
پاي كونترول شىركىتى قازاقىستاندا قۇرغان
« ТаврНя » زاس — 1102 ئاپتوموبىل قۇراشتۇ-
رۇش كارخانىسىنىڭ ئىقتىسادىي تېخنىكا مەسى-
لىلىرى ئۇكرائىنا ، قازاقىستان ۋە غەربىي ياۋروپا
ئوتتۇرىسىدىكى ترانسپورتنى تاموژنىدا تەكشۈ-
رۈش ۋە تاموژنا مۇلازىمەت ھەمكارلىقىنى ياخ-
شىلاش ، ترانسپورتنى تېزلىتىش قاتارلىق مەسى-
لىلەر توغرىسىدا كېلىشىم تۈزدى . ئۇكرائىنا تە-
رەپ ئىككى تەرەپنىڭ ئاساسلىق باشقۇرغۇچى
تارماقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ھەم-
كارلىق لايىھىسىنى تەييارلىدى ، ئۇكرائىنا ترانس-
پورت مىنىسترلىكى بىلەن قازاقىستان ترانسپورت
ئالاقە مىنىسترلىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى كەسپىي-
لەشتۈرۈش كېلىشىمىنىڭ لايىھىسى قازاقىستان
تەرەپنىڭ تەتقىق قىلىشى ئۈچۈن تاپشۇرۇلدى .

يىغىندا ، ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنى-
دىغان تاۋارلاردىن ۋاستىلىك باج ئېلىش مەسى-
لىسى مۇزاكىرە قىلىندى . مۇستەقىل دۆلەتلەر
بىرلەشمىسىنىڭ 1992 - يىلى 3 - ئاينىڭ 13 -
كۈنى ئوتتۇرىغا قويغان باج ئېلىش سىياسىتىگە
ئاساسەن ، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا
دۆلەتلەر بۇ دۆلەتلەرگە ئىمپورت قىلىنىغان
تاۋارلاردىن ۋاستىلىك باج ئېلىشقا باشلىدى ،
لېكىن مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا
دۆلەتلەردىن ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋارلار
ئۈچۈن بۇ خىل باج تاپشۇرۇلمايدۇ . مۇستەقىل
دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىن باشقا دۆلەتلەر ئۈچۈن
بۇنىڭ ئەكسىچە سىياسەت قوللىنىلىدۇ يەنى تاۋار
ئېكسپورت قىلىشتا باج كەچۈرۈم قىلىنىدۇ ،
ئىمپورت قىلىشتا باج ئېلىنىدۇ ، مۇستەقىل دۆ-
لەتلەر بىرلەشمىسىدىكى بارلىق دۆلەتلەر يەنى
تۈركمەنىستاندىن باشقا دۆلەتلەر بۇ كېلىشىمگە
ئىمزا قويدى . ئۇكرائىنا بۇ كېلىشىم ئۇكرائىنا
پارلامېنتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتمىدى ، دېگەننى
باھانە قىلىپ ، 1994 - يىلى باج قانۇنى بەلگىلى-
مىسىنى يەنى ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنىدى-
غان تاۋارلاردىن باج ئېلىش سىستېمىسى ( ئې-
كسپورت قىلىنىدىغان تاۋارلاردىن باج ئېلىشنى
كەچۈرۈم قىلىش ، ئىمپورت قىلىنىدىغان
تاۋارلاردىن باج ئېلىش ) شۇ تاۋارنى ئىشلەپچى-
قارغۇچى دۆلەت ۋە مال تارقىتىش ھۆججىتى بار
دۆلەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتسىز ، دېگەن بەلگىلى-

مىنى قارار قىلدى . بۇ بەلگىلىمە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى باشقا دۆلەتلەرگە ئۇقتۇرۇلمىدى . ئۇكرائىنا ۋە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى باشقا دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۆز ئالدىغا يولغا قويغان ھەر خىل باج ئېلىش ئۇسۇللىرى بار ، بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا ، ئۇكرائىنادىن مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى باشقا دۆلەتلەرگە ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلاردىن ئىمپورت - ئېكسپورت ۋاستىلىك بېجى ئېلىنمايدۇ . ئەكسىچە ، قازاقىستاندىن ( ھەم مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى باشقا دۆلەتلەردىن ) ئۇكرائىناغا ئېكسپورت قىلىنغان تاۋارلاردىن ھەسسىلەپ ۋاستىلىك باج ئېلىنىدۇ .

ئۇكرائىنا سودا تاۋارلىرىنى ئېكسپورت - ئىمپورت قىلىشتا باج ئېلىش سىستېمىسىنىڭ ئۆزگىرىشكە مۇناسىۋەتلىك زۇڭتۇڭ بۇيرۇقى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ، موسكۋا بۇ بۇيرۇققا نىسبەتەن ئەڭ ئاۋۋال ئىنكاس قايتۇردى . كىيىۋدىكى كەسپداش مۇتەخەسسىسلەر يىغىنىدا موسكۋانىڭ قوللانغان ئۇسۇللىرىنى مۇزاكىرە قىلىش ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن ، جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتى ئۇكرائىنانىڭ تاۋارلاردىن ۋاستىلىك باج ئېلىشنى ئۆزگەرتىشكە مۇناسىۋەتلىك قارارىنى ماقۇللىدى .

1 - جەدۋەل

**1993 — 1994 - يىللىق قازاقىستان - ئۇكرائىنا تاشقى سودا سوممىسى ( بىرلىكى : مىليون ئامېرىكا دوللىرى )**

| تۈرى | 1993 - يىلى | | | 1994 - يىلى | | | 1995 - يىلى | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | سانى | نىسبىتى % | | سانى | نىسبىتى % | | سانى | نىسبىتى % | |
| | | ئومۇمەن | مەدبەدە ئىگىلىگىنى | | ئومۇمەن | مەدبەدە ئىگىلىگىنى | | ئومۇمەن | مەدبەدە ئىگىلىگىنى |
| ئومۇمەن | 448 | 4.4 | 9.5 | 247.8 | 3.5 | 7.4 | 208.1 | 2.4 | 3.8 |
| ئېكسپورت | 236 | 4.3 | 9.6 | 128.0 | 3.8 | 6.7 | 121.4 | 264 | 4.3 |
| ئىمپورت | 243 | 4.5 | 9.4 | 119.8 | 3.1 | 8.4 | 86.7 | 2.3 | 3.3 |

2 - جەدۋەل

**قازاقىستان ئۆكرائىنادىن ئىمپورت قىلغان مەھسۇلاتلار ( بىرلىكى : مىڭ ئامېرىكا دوللىرى )**

| تاۋار ئىسمى | 1994 - يىلى | | | 1995 - يىلى 12 - ئاي | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | سانى | تاۋار تۈزۈلمە نىسبىتى % | تۈزۈلمە % | سانى | تاۋار تۈزۈلمە نىسبىتى % | تۈزۈلمە % |
| ئومۇمەن | 119834 | 3.1 | 100 | 86742 | 6 | 100 |
| قارا رەڭلىك مېتال ۋە ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرى | 10358 | 5.0 | 8.6 | 12085 | 5.0 | 13.9 |
| ئەسۋاب - ئۈسكۈنە | 22103 | 5.0 | 18.4 | 17871 | 0.6 | 20.6 |
| ئېلېكتر مەھسۇلاتلىرى | 5550 | 2.0 | 4.6 | 5315 | 2.2 | 6.1 |
| قاتناش ئۈسكۈنىلىرى | 11087 | 4.3 | 9.9 | 6286 | 2.9 | 7.2 |
| قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى | 1376 | 5.5 | 1.1 | 40 | 0.1 | 0 |
| خىمىيۈي مەھسۇلاتلار | 6169 | 4.8 | 5.1 | 5418 | 2.0 | 6.2 |
| كاۋچۇك سانائەت مەھسۇلاتلىرى | 3451 | 7.2 | 2.9 | 1854 | 2.1 | 2.1 |
| سۇلياۋ | 501 | 1.8 | 0.4 | 553 | 1.6 | 0.6 |
| بوياق ماتېرىياللىرى | 1177 | 7.3 | 1.0 | 616 | 2.7 | 0.7 |
| قەغەز ، قەغەز تاختا | — | — | — | 333 | 0.5 | 0.4 |
| شېكەر | 17397 | 24.1 | 14.5 | 8492 | 6.8 | 9.8 |
| ئىسپىرت | 14098 | 25.3 | 11.8 | 8393 | 19.1 | 9.8 |
| يېمەكلىك | 21045 | 11.7 | 17.6 | 3623 | 1.9 | 4.2 |
| باشقا مەھسۇلاتلار | 4802 | 0.2 | 4.0 | 15863 | 0.2 | 18.3 |

3 - جەدۋەل

قازاقىستاننىڭ ئۇكرائىناغا ئېكسپورت قىلغان مەھسۇلاتلىرى ( بىرلىكى : مىڭ ئامېرىكا دوللىرى )

| تاۋار ئىسمى | 1994 - يىلى | | | 1995 - يىلى 12 - ئاي | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | سانى | تاۋار تۈزۈلمە نىسبىتى % | تۈزۈلمە % | سانى | تاۋار تۈزۈلمە نىسبىتى % | تۈزۈلمە % |
| ئومۇمەن | 127971 | 3.8 | 100 | 121368 | 2.4 | 100 |
| مىنېرال يېقىلغۇ ماتېرىياللار ، نېفىت ۋە ئۇنىڭدىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار | 81833 | 8.7 | 63.9 | 92834 | 7.8 | 76.5 |
| رۇدا ۋە داشقال | 1288 | 1.6 | 1.0 | 910 | 0.8 | 0.7 |
| قارا رەڭلىك مېتال ۋە ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرى | 10048 | 1.6 | 7.9 | 4900 | 0.5 | 4.0 |
| رەڭلىك مېتال ۋە ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرى | 8954 | 1.5 | 7.0 | 2204 | 0.2 | 1.8 |
| ئانئورگانىك خىمىيۋى مەھسۇلاتلار | 8638 | 3.2 | 6.7 | 7590 | 2.1 | 6.3 |
| ئورگانىك خىمىيۋى مەھسۇلاتلار | 379 | 2.8 | 0.3 | 363 | 2.4 | 0.3 |
| باشقا خىمىيۋى مەھسۇلاتلار | 918 | 2.6 | 0.7 | 855 | 0.6 | 0.7 |
| قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى | 257 | 0.4 | 0.2 | 263 | 0.3 | 0.2 |
| ماشىنا ئەسۋاب ۋە ئۈسكۈنىلىرى | 4169 | 6.2 | 3.3 | 1354 | 1.4 | 1.1 |
| ئېلېكتر مەھسۇلاتلىرى | 830 | 4.0 | 0.6 | 906 | 2.0 | 0.7 |
| قاتناش ئۈسكۈنىلىرى | 562 | 1.9 | 0.4 | 1378 | 2.8 | 1.1 |
| تاماكا | 203 | 7.2 | 0.2 | 606 | 12.4 | 0.5 |
| پاختا | 1736 | 4.1 | 1.4 | 1223 | 2.7 | 1.0 |
| ئاشلىق | 4136 | 4.5 | 3.2 | 4588 | 1.4 | 3.8 |
| ئۇن ۋە دانلىق ئاشلىق | 401 | 4.1 | 0.3 | 34 | 0.5 | 0.0 |
| تۇرمۇشقا كېرەكلىك بۇيۇملار | 1084 | 4.7 | 0.8 | 429 | 1.5 | 0.4 |
| باشقا مەھسۇلاتلار | 2534 | 0.5 | 2.0 | 931 | 0.2 | 0.8 |

# قازاقىستاننىڭ ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىش سانائىتى ۋە بازىرى

ئۆز دۆلىتىنىڭ ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىش سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇش قازاقىستان پۇقرالىرى ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلە . ئەگەر ئۆزلىرى ھەر تۈرلۈك ئەرزان ئاپتوموبىللارنى ئىشلەپچىقىرالىسا ، چەت ئەل ئاپتوموبىللىرىنى زور مىقداردا سېتىۋالمىسىمۇ بولىدۇ . نۆۋەتتە دۆلەتنىڭ مەبلىغى كەمچىل بولغاچقا باسقۇچلارغا بۆلۈپ بۇ خىزمەتنى ئورۇنداشقا توغرا كېلىدۇ . سودا ـ سانائەت مىنىسترلىكى ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى قازاقىستاننىڭ ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىش سانائىتىنىڭ ئەھۋالىنى ۋە بازارلىرىنى تەھلىل قىلىپ چىقتى .

مەھكىمە باشلىقى : « مېنىڭچە ، نۆۋەتتە روسىيە بىلەن ئۆزبېكىستاننىڭ يېنىك تىپتىكى ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتى ناھايىتى تېز . مەلۇم مەزگىلگىچە ئۇلار بىلەن رىقابەتلىشىشكە كۈچىمىز يەتمەيدۇ . ھازىر ئىتالىيە ، ياپونىيە ، ئامېرىكا ۋە كورېيەلەردىن كىرگۈزۈلگەن ئاپتوموبىللار قازاقىستاننىڭ ماشىنا بازارلىرىنى مۇستەھكەم ئىگىلەپ تۇرماقتا . گەرچە ئۆزىمىزنىڭمۇ ماشىنىغا بولغان ئېھتىياجىم ناھايىتى زور بولسىمۇ لېكىن ، چەت ئەل ماشىنىلىرىنىڭ باھاسىنى ھەممىلا ئادەم قوبۇل قىلىپ كېتەلمەيدۇ . 1992 ـ يىللىرىلا بىز ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىدە مۇستەقىل تارماقنى بۆلۈپ چىققان . بۇنىڭ ئىچىدە بىر تارماق « پىكاپ » ماركىلىق يۈك ئاپتوموبىلىنى ئىشلەپچىقاردى . قازاقىستان يولۇچى ۋە يۈك ئىككىگە ئىشلىيدىغان ئاپتوموبىل يەنە ئىككى ئورۇنلۇق ، تۆت ئورۇنلۇق ۋە ئالتە ئورۇنلۇق ، كوزۇپى قىسقا ، 1.5 توننىلىق ئاپتوموبىلنى ئىشلەپچىقارماقچى ، قازاقىستاننىڭ ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىنىڭ پىلانى دۇنيادىكى كەسىپداشلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى ، بولۇپمۇ ، ئامېرىكىنىڭ « ئاممىباب ئاپتوموبىل شىركىتى » ۋە ياپونىيىنىڭ « سەنلىن شىركىتى » دىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئاپتوموبىل سانائىتىنىڭ ماگناتىدىن كېيىن ، ئەنگلىيىنىڭ « ئاپتوموبىل شىركىتى » مۇ قازاقىستانغا ياردەم قىلىدىغانلىق توغرىسىدا فوتوتېلېگراف بەرگەن . قازاقىستان بۇنىڭغا قارىتا ئىنكاس قايتۇرۇپ ، ئەنگلىيىگە كەلگۈسىدىكى ماشىنا تىپىنىڭ ئىقتىسادىي تېخنىكا تەلەپلىرى ۋە ھەمكارلىشىدىغان شەرتلىرىنى ئەۋەتىپ بەردۇق . قازاقىستان يېقىن ئارىدا ئۆزلىرىنىڭ ھەمكارلىشىدىغان شېرىكلىرىنى بەلگىلىمەكچى ، كىم بىزنى مۇۋاپىق بولغان ھەمكارلىشىش ئۇسۇلى ، ئېتىبار بېرىدىغان سىياسەت ھەمدە يېتەرلىك مەبلەغ بىلەن تەمىنلىسە ، بىز شۇلار بىلەن ھەمكارلىشىپ ، شېرىكلەشكەن كارخانا قۇرىمىز » دېدى .

ئاپتوموبىل سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ، ئالدى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش بازىسىنى بەلگىلەش كېرەك . شېرىكلەشكەن كارخانىلار پاۋلودار تراكتور زاۋۇتىدا ئىش باشلىماقچى . ئۇ يەردە مەخسۇس ئېچىلغان 40 مىڭ كۋادرات مېترلىق مەيدان بار . ئامېرىكا ۋە ياپونىيىنىڭ ئاپتوموبىل كەسىپداشلىرى 2 ـ ئايدا شېرىكلەشكەن كارخانىلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ ، زامانىۋىلاشقان ئۈسكۈنىلەرنى ئېلىپ كەلگەن . بۇ كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مۇھىتىنى تەكشۈرۈپ ، ئىشچىلار ۋە مۇتەخەسسىسلەردىن ئىمتىھان ئالدى . ئامېرىكا شىركىتى يەنە ماشىنىغا ئۆز شىركىتىنىڭ بەلگى-

سىنى باسماقچى بولدى . بۇ ، ئۇلارنىڭ بارلىق سوۋېت مەسىلىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ .

مەبلەغ مۇھىم بىر مەسىلە . شېرىكلەشكەن كارخانىلارغا 50% مەبلەغ سېلىشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك . ئامېرىكىنىڭ « ئاممىباب ئاپتوموبىل شىركىتى » شېرىكلەشكەن كارخانىغا 180 مىليون دوللارلىق مەبلەغ قوشۇدىغانغا ماقۇل بولدى . قازاقىستان 90 مىليون مەبلەغ قوشىدۇ . ئالدى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇت ئۆيى بىلەن ئەمگەك كۈچىنى مەبلەغ قىلىپ قوشۇش كېرەك . چەت ئەللىك شېرىكلەر ئۈسكۈنە ۋە مەبلەغ قوشىدۇ ؛ ئۇنىڭدىن قالسا تۇراقسىز مەبلەغ ، تۇراقسىز مەبلەغ بولمىسا ، بارلىق ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا ئامالسىز قالىدۇ ؛ تۇراقسىز مەبلەغ قانچە كۆپ بولسا ، ماشىنا قۇراشتۇرىدىغان ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىنىڭ ئايلىنىش ئېھتىمالىمۇ شۇنچە چوڭ بولىدۇ . قازاقىستان تەرەپ قوشقان ئىشلەپچىقىرىش مەيدانى ۋە ئەمگەك كۈچى ، قوشۇشقا تېگىشلىك ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 60% دىن ئېشىپ كەتمەيدى ، ئۇندىن قالسا نەق پۇل قوشىدۇ . ھازىر ئىككى شىركەت ئايرىم ھالدا 20 مىليون ۋە 30 مىليون ئامېرىكا دوللىرى چىقىرىپ قازاقىستاننىڭ ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىش سانائىتىگە ئىشلەتمەكچى بولدى . ئۇنىڭدىن باشقا ، روسىيىنىڭ بەزىبىر دۆلەت ئىلكىدىكى ۋە غەيرىي دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلار ، مۇشۇ پىلانغا قاتنىشىپ مەبلەغ قوشۇشنى ئويلاشتى ، ئامېرىكىلىقلار قىممىتى 7 مىليون دوللارلىق ئۈسكۈنىلەرنى قالغىنىغا نەق پۇل قوشماقچى بولدى .

قازاقىستان ھۆكۈمىتى قاتناش مىنىستىرلىكى ، مالىيە مىنىستىرلىكى ، ئىقتىساد مىنىستىرلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سەككىز مىنىستىرلىك ئەڭ ئاخىرقى لايىھىنى مىنىستىرلار سوۋېتى ئىشخانىسىغا تاپشۇردى . ھەمكارلىشىش شېرىكلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بارلىق رىقابەتچىلەر ، شېرىكلەشكەن كارخانىلارغا قارىتا يۈرگۈزىدىغان ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىگە ئالاقىدار قارارلار بېكىتىلىپ بولدى . بۇ ئىش قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ پوزىتسىيىسىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرىدۇ . ئاپتوموبىل ياساش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى قازاقىستان ھۆكۈمىتىگە ۋەكالىتەن ، بېكىتىلگەن چەت ئەللىك شېرىكلەر بىلەن باھا ۋە تېخنىكا مەسىلىسى ئۈستىدە ھەمدە ئۈسكۈنىلەر بىلەن تەمىنلەش ۋە قۇراشتۇرۇش ھەققىدە كېڭەشمەكچى .

مۇشۇنداق قۇرۇلغان ئاپتوموبىل سانائىتى ، ناھايىتى تېزلىكتە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشەلەيدۇ . ئاپتوموبىلنى قۇراشتۇرۇش تەرتىپى ئانچە مۇرەككەپ ئەمەس ، شۇ يىلىلا بىرىنچى تۈركۈمدىكى مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقارغىلى بولىدۇ ، مۆلچەرلىنىشىچە ، ھەر ئايدا 200 دانە ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرالايدىكەن . ئاپتوموبىلنىڭ ماتورى ۋە ئۆتكۈزۈش قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ ، ئەگەر چەت ئەللىك شېرىكلەر ئۆز شىركىتىنىڭ بەلگىسىنى ئىشلەتمەكچى بولسا ئۇنداقتا ئۇلار ئالدى بىلەن سۈپەت ۋە بىخەتەرلىك مەسىلىسىگە مەسئۇل بولۇشى كېرەك . ئاپتوموبىلنىڭ بىر يۈرۈش پارچە دېتاللىرىنىڭ 40%ى قازاقىستاندا ئىشلەپچىقىرىلىدۇ . بۇ ، قازاقىستاننىڭ يېڭى تىپتىكى ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپلا قالماي ، بەلكى باشقا ساھەلەر ، مەسىلەن ، توقۇمىچىلىق ، تېرە ئاشلاش ، خىمىيە سانائىتى ، ئەينەك ئىشلەپچىقىرىش ، مېتاللورگىيە قاتارلىق ئون ساھەنىڭ تەرەققىياتىنى يېتەكلەيدۇ .

مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش — سېتىش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى تەشكىللەش ئۈچچۇندۇر . مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەھلىل قىلىشىغا ئاساسلان-

خانىدا ، پۈتۈن مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئىستېمال بازىرىدىكى كىچىك تونناژلىق يۈك ئاپتوموبىلىغا بولغان ئېھتىياج مىقدارى : بىر يىل ئىچىدە 0.6 تونناژلىقتىن تۆۋەن بولغان ماشىنىدىن 267 مىڭ دانە ، بىر تونناژلىقتىن تۆۋەن بولغان ماشىنىدىن 165 مىڭ دانە ، 1.5 تونناژلىقتىن تۆۋەن بولغان ماشىنىدىن 150 مىڭ دانىنى تەمىنلەش كېرەك بولىدۇ . پەقەت قازاقىستاندىلا كىچىك تونناژلىق يۈك ئاپتوموبىلىغا بولغان يىللىق ئېھتىياج 20 مىڭ دانە . شىرىكلەشكەن كارخانىلارنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 25 مىڭ دانە بولۇپ ، ئۇ پەقەت قازاقىستاننىڭ ئىچكى بازارلىرىنىلا قامدىيالايدۇ . ئەگەر يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 50 مىڭ دانە بولسا ئاندىن مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى ۋە چەت ئەل بازارلىرىغا ئۆز مەھسۇلاتىنى چىقارغىلى بولىدۇ . چەت ئەللىك شېرىكلەرمۇ بىر قىسىم مەھسۇلاتنى سېتىپ بېرىشنى ئۈستىگە ئالماقچى بولدى . بازارنى ئىگىلەشتە مال باھاسى ھالقىلىق مەسىلە .

بۇ خىل ئاپتوموبىلنىڭ باھاسى 9 — 11 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىدىن تۆۋەن بولۇپ ، ئىمپورت قىلىنغان ئاپتوموبىللارغا سېلىشتۇرغاندا رىقابەت كۈچىگە ئىگە . بۇ خىل تېپتىكى ئاپتوموبىللارنى بازارغا سالسا ، ناھايىتى تېزلىكتە قازاقىستاننىڭ ئاپتوموبىل بازارلىرى ۋە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىنىڭ بازارلىرىنى ئىگىلىشىگە ئىشەنچىمىز تولۇق ، ھەتتا خەلقئارا بازارلارغىمۇ كىرەلەيدۇ . بۇنىڭ بىلەن قازاقىستاننىڭ ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىش سانائىتى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ .

## روسىيىنىڭ دېھقانچىلىق ئىقتىسادىي ئەھۋالى

روسىيە دۆلەتلىك ستاتىستىكا كومىتېتىنىڭ ماتېرىيالىغا ئاساسلانغاندا 1996 - يىلىنىڭ بىرىنچى پەسلىدىكى دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى ھازىرقى باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 440 كۋادرىللىئون رۇبلى بولۇپ 1995 - يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىنىڭ 93%گە توغرا كېلىدۇ . 1996 - يىلى 3 - ئايدا ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 170 كۋادرىللىئون رۇبلى بولدى ( بۇ سان 1996 - يىلى 2 - ئايدىكىنىڭ 115%گە ، 1995 - يىلى 3 - ئايدىكىنىڭ 94%گە توغرا كېلىدۇ ) .

### تېرىقچىلىق كەسپلىرى

1996 - يىلى 4 - ئاينىڭ ئاخىرىدا روسىيىنىڭ جەنۇبىي قىسىم رايونلىرىدىكى دېھقانچىلىق كارخانىلىرى تاماملىغان ئەتىيازلىق تېرىلغۇ كۆلىمى 4 مىليون گېكتارغا يېتىدۇ ، ئۇنىڭ ئىچىدە دانلىق زىرائەتلەر ( كۆممىقوناقنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ ) كۆلىمى 1 مىليون 470 مىڭ گېكتار . 1995 - يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدە يۇقىرىقى ئىككى تۈرلۈك تېرىلغۇ كۆلىمى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 3 مىليون 300 مىڭ گېكتار ۋە 2 مىليون 300 مىڭ گېكتار ئىدى .

روسىيە دېھقانچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ ماتېرىيالىغا ئاساسلانغاندا ، تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرى تېرىغان دانلىق زىرائەت كۆلىمى كۈزلۈك تېرىلغۇ كۆلىمىگە يېتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا 1995 - يىلىدىكى سەۋىيىگە يەنى 55 — 56 مىليون گېكتارغا يېتىدۇ .

### نېفىت مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەش

1996 - يىلى دېھقانچىلىقنى تەمىنلىگەن نېفىت مەھسۇلاتلىرى كۆپەيدى . 1996 - يىلى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگە بارغاندا ئەتىياز-

لىق تېرىلغۇ مەزگىلىدە تەمىنلەنگەن بېنزىن 1995 ـ يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 12% كۆپەيدى ، دېزېل مېيى 15% ئازايدى .

**تراكتور ۋە تېرىش ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش**

1996 ـ يىلى 3 ـ ئايدا دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش خىزمىتى بىر قەدەر ياخشى ئىشلەندى . ساق تراكتورنىڭ سانى 4% ، ساپان 7% ، سپالكا 12% ، كولتىۋاتور 11% كۆپەيدى .

**چارۋىچىلىق**

1996 ـ يىلىنىڭ 1 ـ پەسلىدە دېھقانچىلىق كارخانىلىرىدا چارۋىلارنىڭ قوتاندىكى سانى 1995 ـ يىلدىكى سەۋىيىدە توختاپ قالدى ، موزاي ۋە چوشقىلارنىڭ كېسەللىك بىلەن ئۆلۈش نىسبىتى 2% ۋە 8% بولۇپ 1995 ـ يىلىنىڭ بىرىنچى پەسلىدىكىگە ئوخشاش بولدى . قوي ۋە ئۆچكىنىڭ كېسەللىك بىلەن ئۆلۈش نىسبىتى 3% بولدى ، 1995 ـ يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىسى 4% ئىدى . ھەر 100 ئانا چارۋا بويىچە ھېسابلىغاندا ، تۇغۇلغان موزاي ۋە چوشقا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 20 تۇياق ۋە 222 تۇياق بولدى . ( 1995 ـ يىلى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 21 تۇياق ۋە 237 تۇياق ئىدى ) . قوزا ۋە ئوغلاقنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 1995 ـ يىلدىكىدىن سەل يۇقىرى بولدى ( 1996 ـ يىلى 32 تۇياق ، 1995 ـ يىلى 30 تۇياق ) چارۋىلارنىڭ تۇغۇش نىسبىتى يەنىلا تۆۋەن . 1996 ـ يىلىنىڭ بىرىنچى پەسلىدە ساپ ، يىرىك يەم ـ خەشەك بىلەن بېقىلغان چارۋىلارنىڭ بىر كېچە ـ كۈندۈزدىكى ئېغىرلىق ئېشىشى كالىنىڭ 227 گرام ، چوشقىنىڭ 127 گرام بولدى ، بىر ساغلىق ئىشلەپچىقارغان سۈت 369 كىلوگرام بولۇپ 1995 ـ يىلدىكىدىن 13 كىلوگرام (3%) ئازايدى . گۆش ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىدا بۇرۇنقىغا ئوخشاش چوشقا گۆشى بىلەن ئۆي قۇشلىرى گۆشىنىڭ نىسبىتى تۆۋەن بولدى . 1996 ـ يىلىنىڭ بىرىنچى پەسلىدە دېھقانچىلىق كارخانىلىرىنىڭ كالا گۆشى ئىشلەپچىقىرىش نورمىسى 63%كە ( 1995 ـ يىلىنىڭ بىرىنچى پەسلىدە 59% ) ، چوشقا گۆشى 18%كە ، ئۆي قۇشلىرىنىڭ گۆشى 17% كە يەتتى .

1996 ـ يىلىنىڭ بىرىنچى پەسلىدە 19 ئوبلاستىنىڭ گۆش ئىشلەپچىقىرىشى ياخشى بولدى ، 14 ئوبلاستىنىڭ سۈت ئىشلەپچىقىرىشى ئاشتى . ئۇلارنىڭ ئىگىلىگەن نورمىسى ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارىنىڭ 32% ۋە 16% نى ئىگىلىدى . 1996 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى دېھقانچىلىق كارخانىلىرىدىكى زاپاس يەم ـ خەشەك 14 مىليون 800 مىڭ توننا ياكى بىر ئۆلچەملىك تۇياق بويىچە ھېسابلىغاندا 4800 كىلوگرام ( 1995 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى 6200 كىلوگرام يەم ـ خەشەك بىرلىكى ) بولدى .

**دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىشى**

1996 ـ يىلىنىڭ بىرىنچى پەسلىدە ، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقارغۇچىلىرى يېرىمىدىن كۆپرەك چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرى ، 78% سۈت ۋە سۈت مەھسۇلاتلىرى ، 83% تۇخۇمنى فېدېراتسىيىگە ۋە يەرلىك فوندى جەمئىيىتىگە سېتىپ بەردى . پىششىقلاش سانائىتى ۋە سودا تارماقلىرىغا سېلىشتۇرغاندا دېھقانچىلىق كارخانىلىرى مۇقىمسىز ھالەتتە تۇرماقتا . دەسلەپكى ماتېرىيالغا ئاساسلانغاندا ، بارلىق گۆش ۋە سۈت يېمەكلىكلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى ۋە سودىسىدا پايدا بار . تەكشۈرۈلگەن يېمەكلىكلەرنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا گۆش ، سۈت كەسىپلىرىنىڭ پايدا نىسبىتى 6% — 8% ، سودا قوشۇمچە ھەققى 20% ، ئۇنىڭ ئىچىدە سودا پايدىسى 4% بولدى .

1996 ـ يىلىنىڭ بىرىنچى پەسلىدە ھەر قايسى تىجارەت ئورۇنلىرى 1995 ـ يىلى يىغىۋال-

غان ئاشلىقلىرىنى داۋاملىق ساتتى. بۇ جەرياندا دۆلەت ئېھتىياجى ئۈچۈن 277 مىڭ 500 توننا ئاشلىق ساتتى، ئۇنىڭ ئىچىدە فېدېراتسىيە فوندى جەمئىيىتىگە 87 مىڭ 700 توننا، باشقا يوللار بىلەن 1 مىليون 800 مىڭ توننا ساتتى. ھېساباتقا ئاساسلانغاندا 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگە كەلگەندە دېھقانچىلىق كارخانىلىرىدا 19 مىليون توننا ئاشلىق ساقلاندى، بۇ 1995 ـ يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىگە سېلىشتۇرغاندا، 25% ئاز. يېقانچىلىق كارخانىلىرىدا ساقلانغان ئاشلىقنىڭ سانى ئاساسىي جەھەتتىن ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا ئېھتىياجلىق ئۇرۇق ۋە يېڭى ھوسۇل يىغىۋېلىنىشتىن بۇرۇن چارۋىلارغا كېرەكلىك يەم ـ خەشەككە كاپالەتلىك قىلدى.

### پارنىكتا ئۆستۈرۈلگەن كۆكتاتلارنى سېتىش

1995 ـ يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىگە سېلىشتۇرغاندا، پارنىكتا ئۆستۈرۈلگەن كۆكتاتلارنىڭ سېتىلىشى 25% ئېشىپ، سېتىلىش مىقدارى 17 مىڭ 800 توننا بولدى. شىركەتلەرنىڭ دېھقانچىلىق كارخانىلىرى بىلەن دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش توغرىسىدا تۈزگەن كېلىشىملەر 1995 ـ يىلىغا قارىغاندا كۆپ بولدى. 1996 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغا بارغاندا توختام تۈزگەن ئاشلىق مىقدارى 7 مىليون 700 مىڭ توننا، چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرى 1 مىليون 100 مىڭ توننا، سۈت 7 مىليون 400 مىڭ توننا بولدى. 1995 ـ يىلى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 3 مىليون 400 مىڭ توننا، 900 مىڭ توننا ۋە 5 مىليون 500 مىڭ توننا بولغان ئىدى.

## قازاقىستاندىكى مال باھاسىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار

قازاقىستان مال باھاسىنىڭ ئۆسۈشىنى توختاتتى. 1996 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى بەش ئېيىدا، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقارغۇچى كارخانىلارنىڭ باھا كۆرسەتكۈچى مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 109.7% بولغان، 1995 ـ يىلى شۇ مەزگىلدە بولسا 122.9% ئىدى؛ ئىستېمال باھا كۆرسەتكۈچى ماس ھالدا 114.0% ۋە 129.4% بولغان. بىراق، ستاتىستىكا تارماقلىرىنىڭ ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈشىچە، ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىدە ۋە تاۋار ئوبوروت تورلىرىدا يەنىلا ئىسراپچىلىق مەۋجۇت ئىكەن. 1996 ـ يىلى 1 ـ پەسىلدە 47 كارخانىدىكى باھانى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئامىللار ئۈستىدە قەرەللىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. تەكشۈرۈلگەن مەھسۇلاتلار ئىچىدە يېمەكلىك، ئېنېرگىيە شۇنداقلا كېيىنكى سانائەت ئۆزگەرتىش باسقۇچىدا ئىشلىتىلىدىغان تېخنىكىلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرى بار ئىدى. ھازىر، خام ماتېرىيال ھەمدە سىرتتىن سېتىۋېلىنىدىغان يېرىم تەييار مەھسۇلات خىراجىتىنىڭ پۈتكۈل تەننەرختە ئىگىلىگەن نىسبىتى مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 20.4% بولۇپ، 1995 ـ يىلدىكىدىن 6.3%، 1994 ـ يىلدىكىدىن 8.3% تۆۋەنلىگەن. لېكىن، تەكشۈرۈلگەن كارخانىلاردىن قارىغاندا، ھەر قايسى كارخانىلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئەھۋالى ئوخشاش ئەمەس بولۇپ، 9% دىن 94% كىچە ئىكەن. ھەتتا مەملىكەت ئىچىدىكى ئوخشىمىغان كارخانىلار ئىشلەپچىقارغان ئوخشاش مەھسۇلاتلاردىمۇ بۇ جەھەتتە ناھايىتى زور پەرق مەۋجۇت بولغان. بۇ ئىشلەپچىقىرىش تېخنىلوگىيىسى جەھەتتە «قارغۇ رايون» بارلىقىنى، خىراجەت جەھەتتە يوچۇق بارلىقىنى، تەننەرخنى چۈشۈرۈشتە يو-

شۇرۇن كۈچ بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ . مەسىلەن ، « ران » ھەسسىدارلىق شىركىتى ( سېمىپالاتىنسكى شەھىرىدە ) بولكا تۈرىدىكى مەھسۇلاتلىرىنىڭ خام ئەشيا خىراجىتى 90% نى ئىگىلىگەن . « ئاقىران » ھەسسىدارلىق شىركىتى ( ئارقالىق شەھىرىدە ) نىڭ بولسا پەقەت 41%نى ئىگىلىگەن . باشقا مەھسۇلاتلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخىدىمۇ مۇشۇنداق زور پەرقلەرنى كۆرگىلى بولىدۇ . يەنى ۋوتكىنىڭ 9% — 87% ، پىۋىنىڭ 19% — 57% ، كالا گۆشىنىڭ 30% — 86% .

1995 - يىلى 10 - ئايدىن باشلاپ رايونلار ئۆلچىمى بويىچە توك پۇلى يىغىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان ، 1996 - يىلى 1 - پەسىلدە بۇ تۈردىكى خىراجەت نىسبىتىنىڭ مەملىكەتتىكى ئوتتۇرىچە سەۋىيىسى 1995 - يىلىدىكىدىن 15% تۆۋەنلىگەن . بۇنداق بولغاندا ، بۇ مەزگىلدە ئېلېكتر ئېنېرگىيە خىراجىتىنىڭ سانائەت مەھسۇلاتلىرى تەننەرخ قۇرۇلمىسىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى 2.8% تۆۋەنلەپ ، پۈتكۈل ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىنىڭ 8% نى ئىگىلىگەن . يېقىلغۇ خىراجىتىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتىمۇ 1.2% تۆۋەنلىگەن ، بىراق يېقىلغۇ ئېنېرگىيە خىراجىتى سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ پۈتكۈل ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىدە خېلى چوڭ نىسبەتنى ( 20.5% ) ئىگىلىگەن . ئوخشاش مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلارنى تەكشۈرگەندە ، ئېنېرگىيە خىراجىتى جەھەتتىمۇ ناھايىتى چوڭ پەرق مەۋجۇت بولغان . بۇنىڭ سەۋەبى ، يەنىلا تېخنىكا سەۋىيىسى مەسىلىسىدە . كونا - خۇرۇم مەھسۇلاتلىرى سانائىتى ئېنېرگىيە خىراجىتىنىڭ پۈتكۈل مەھسۇلات تەننەرخىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 5%تىن 45% كىچە ، ھايۋانات مېيىنىڭ 1% تىن 10% كىچە ، بولكا تۈرىدىكى مەھسۇلاتلارنىڭ 4%تىن 22% كىچە بولغان .

سانائەت تارماقلىرىدا ، گەرچە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تۆۋەنلەش يۈزلىنىشى توختىمىغان بولسىمۇ ، لېكىن مۇئاش ئۆسۈۋەرگەن . 1996 - يىلى 1 - پەسىلدە ، بۇ ساھەدىكى خىزمەتچى خادىملارنىڭ ئايلىق ئوتتۇرىچە مۇئاشى 9848 تەڭگە بولۇپ ، سانائەت تارماقلىرى ۋە قاتناش تارمىقىدىكىلەردىن 25% — 33% ، ماتېرىيال ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە سومىسىدىن 50% يۇقىرى بولغان . 1995 - يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىگە سېلىشتۇرغاندا بۇ تارماقنىڭ مۇئاشى 50% ئاشقان . شۇڭلاشقا ئەمگەك مۇئاش قىممىتىنىڭ سانائەت مەھسۇلاتلىرى تەننەرخىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى ، مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 5.1% ئاشقان بولۇپ ، بۇ تەننەرخنىڭ 15.7% گە باراۋەر بولغان . تەكشۈرۈش دائىرىسىدىكى ھەر خىل تاۋارلارنىڭ بۇ تۈردىكى كۆرسەتكۈچى جەھەتتىمۇ ناھايىتى زور پەرق بولۇپ ، بۇنىڭ ئەمگەك سەرپىياتى بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرگەن . نېفىت ئېچىش كەسپىدە ، ئەمگەك مۇئاشىغا ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ئۇلۇشىنى قوشقاندىن كېيىن 5% — 13% نى ئىگىلىگەن ، كۆمۈر قېزىش كەسپىدە 25% — 46% نى ، ھاراق ئىشلەپچىقىرىش كەسپىدە 7% — 15% نى ، كالباسا ياساش كەسپىدە 1% — 6%نى ، سۈت مەھسۇلاتلىرى كەسپىدە 4% — 8%نى ئىگىلىگەن . « ئاقىران » ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ بولكا پىشۇرۇشتىكى مۇئاش چىقىمى مەھسۇلات تەننەرخىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلەپ ، خام ئەشيا تەننەرخىدىن ئېشىپ كەتكەن .

باھانى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئامىللار ئىچىدە تۈرلۈك باج - سېلىق ۋە قانۇن - قائىدىلەر مەھسۇلات تەننەرخىگە كىرگۈزۈشنى تەلەپ قىلىدىغان ھەر خىل مەخسۇس فوند ئۇلۇشىمۇ بار . مەملىكەت بويىچە باج تۈزۈمى ئۆز-

گەرتىلگەندىن كېيىن ، باج سەۋىيەسى تۆۋەنلىدى . 1996 - يىلى 1 - پەسلىدە باج پۇلىنىڭ سانائەت مەھسۇلاتلىرى تەننەرخىدە تۇتقان نىسبىتى مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 4.1% بولۇپ ، 1995 - يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 50% كېمەيگەن . باج پۇلى يېمەكلىك كەسپىدە ئەڭ كۆپ كېمەيگەن . مەسىلەن ، 1995 - يىلى 1 - ئايدىن 3 - ئايغىچە بۇ تۈردىكى خىراجەت كالباسا ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىنىڭ 21% نى ، سۈت مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىنىڭ 12% نى ، ئۇن ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىنىڭ 8% نى ئىگىلىگەن بولسا ، 1996 - يىلى 3% تىن ئاشمىغان . تەكشۈرۈلگەن تاۋارلارنىڭ بۇ تۈردىكى خىراجىتىدە روشەن پەرق بار . مەسىلەن ، « ئاقتۆبە » نېفىت ھەسسىدارلىق شىركىتى ۋە « ئېمبىمۇناي » تەبىئىي گاز ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ باج پۇلى 15% — 16% نى ئىگىلىگەن بولسا ، « مانگىستاۋ مۇناي » تەبىئىي گاز ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ 11% تىن تۆۋەن بولغان . بۇنىڭ سەۋەبى يەر ئاستى بايلىقلىرىدىن پايدىلىنىش باج نىسبىتىنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقىدا . ھازىر بازار ئىگىلىكىگە تەدرىجىي ئۆتۈۋاتقاچقا ، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى بارغانسېرى تەمىنلەش ۋە ئېھتىياجنىڭ كونتروللىقىغا ئۇچراۋاتىدۇ . بەزىبىر كارخانىلار تەننەرخ يۇقىرى بولۇش ۋە خېرىدارلار بىلەن ھېساباتتا كېلىشەلمەسلىك سەۋەبىدىن ، ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىنى تولۇقلاشقا يەتكىدەك باھا بىلەن ئۆز مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشقا ئامالسىز قېلىۋاتىدۇ . مەسىلەن ، « ئىسپات - كارمات » ھەسسىدارلىق شىركىتى ھەر بىر توننا ئوتتۇرا تېپلىق پروكاتلانغان مېتالنى ساتسا ، 115 مىڭ تەڭگە زىيان تارتىدۇ . يېنىك سانائەت ئىشلەپچىقىرىش خام ئەشيالىرى ۋە يېرىم تەييار مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنىڭ سېتىش جەھەتتە يولۇققان ئاۋارىچىلىقلىرى تېخىمۇ كۆپ . مەسىلەن ، « كېتكىس » ھەسسىدارلىق شىركىتى ( كۆستاناي شەھىرىدە ) يېرىم يۈك ئارىلاش رەختلەرنى مېتىرى 270 تەڭگىلىك باھا بويىچە كېيىم تىكىش زاۋۇتىغا ساتىدۇ ، بۇ باھا تەننەرخىنىڭ ئاران 50% گىلا توغرا كېلىدۇ . بۇنداق ئەھۋال باشقا كارخانىلاردىمۇ دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ .

ئاھالىلارنىڭ سېتىۋېلىش كۈچى ئاجىز ، شەخسىي ئىشلەپچىقارغۇچىلاردا رىقابەت ناھايىتى كۈچلۈك بولغانلىقتىن ، گۆش ۋە سۈت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشتا پايدا 10% تىن ئاشمىغان . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مەخسۇس سېتىش ھوقۇقى ۋە سىرتقا سېتىلىدىغان مەھسۇلاتلىرى بار كارخانىلارنىڭ پايدىسى ناھايىتى يۇقىرى بولغان . مەسىلەن ، « ئېكىباستۇز » كۆمۈر بىرلەشمە كارخانىسىدىكى ئىسلىق كۆمۈرنىڭ پايدىسى 117% كە ، « قاراچىغاناق » تەبىئىي گاز سانائىتى ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ تەبىئىي گازىدا 68% كە ، « جېزقازغان » رەڭلىك مېتال ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ پروكاتلانغان ماتېرىياللىرى 41% كە يەتكەن . بۇنداق بولغاندا مەھسۇلات باھاسى 50% — 100% ئاشقان .

سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىغا تەسىر قىلىدىغان ئامىللاردىن يەنە ئاشقان قىممەت بېجى ۋە ئىستېمال بېجى بار . تەكشۈرۈلگەن مەھسۇلاتلار ئىچىدە ، ئىستېمال بېجى تاپشۇرىدىغان مەھسۇلاتلاردىن نېفىت مەھسۇلاتلىرى ، ئىسپىرت ، ۋوتكا ، پىۋە بار . يۇقىرىدا بايان قىلغان باج تۈرلىرىنىڭ تەسىرىدىن ، ئىسپىرتنىڭ زاۋۇت باھاسى توپ باھانىڭ 6.7 ھەسسىسىگە ، ۋوتكىنىڭ 2.3 — 2.4 ھەسسىسىگە ، نېفىت مەھسۇلاتلىرى ۋە پىۋىنىڭ 1.3 — 1.4 ھەسسىسىگە باراۋەر كەلگەن .

باھاغا تەسىر قىلىدىغان ئامىللار يالغۇز

ئىشلەپچىقارغۇچى زاۋۇتلار چىقارغان تۈرلۈك خىراجەتلەر بولۇپ قالماستىن ، بەلكى يەنە مەھسۇلاتلارنىڭ ئىشلەپچىقارغۇچىلاردىن سېتىۋالغۇچىلارغا بارغىچە بولغان ئارىلىقتىكى تۈرلۈك خىراجەتلەرمۇ بار . شۇنداق بولغاچقا ئەڭ تۆۋەن باھا پەقەت ئىشلەپچىقارغۇچى زاۋۇت بىلەن مۇشۇ زاۋۇت خېرىدارلىرى بىۋاستە كېلىشىم تۈزگەن شارائىتتا بارلىققا كېلىدۇ . « ئاتراۋۇس » نېفىت پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىنىڭ 1996 - يىلى 1 - پەسىلدىكى بارلىق بېنزىن ۋە دىزېل مېيى مۇشۇ يول بىلەن سېتىلغان . بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ، مەھسۇلاتنى خېرىدارنىڭ قېشىغا ئاپىرىش ئۈچۈن كەتكەن توشۇش خىراجىتىنى خېرىدار ئۆزى چىقارغان بولۇپ ، بۇ تۈردىكى خىراجەت توپ باھانىڭ %10 — %13 گە تەڭ بولغان . گەرچە « مۇناي — ئۇنۇمدىرى » ھەسسىدارلىق شىركىتىمۇ نېفىت مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ بۇ تۈردىكى خىراجىتى بىر ھەسسە يۇقىرى بولغان .

ھازىر ، مال پۇلى تۆلەشنى كەينىگە سۈرۈش خەۋىپى يەنىلا مەۋجۇت . زور كۆپچىلىك سانائەت كارخانىلىرى خېرىدارلاردىن مال پۇلىنى ئالدىنئالا تۆلەشنى تەلەپ قىلىدۇ ، بىراق خېرىدارلارنىڭ مەبلىغى كەمچىل بولۇپ ، تۆلەشكە كۈچى يەتمەيدۇ . شۇنىڭ بىلەن بەزىبىر بازىرى ئىتتىك مەھسۇلاتلار ھامان ۋاستىچىلارنىڭ قولىدىن ئۆتىدۇ . مەسىلەن ، « تالغار » ئىسپىرت زاۋۇتى « ۋەدە » ھەسسىدارلىق شىركىتى ئارقىلىق ئالمۇتا شەھىرىدىكى ئىسپىرت زاۋۇتلىرىنى ئىسپىرت بىلەن تەمىنلەيدۇ ، ئىسپىرتتىن ئىشلەپچىقىرىلغان ۋوتكىلارمۇ ئىشلەپچىقارغۇچى زاۋۇتلار ئارقىلىق ئەمەس بەلكى شەخسىي شىركەتلەر ئارقىلىق سودا تورىغا كىرىدۇ . دەسلەپكى مۆلچەرگە ئاساسلانغاندا ، ۋاستىچىلار ئارقىلىق ئالمۇتا شەھىرىگە كىرگەن ۋوتكىغا يېرىم باھا قوشۇلىدۇ .

ئاھالىلارنىڭ سېتىۋېلىش كۈچى ئاجىز ، ئېھتىياج چەكلىك بولغان ئەھۋال ئاستىدا ، سانائەت كارخانىلىرى ئۆزلىرىنىڭ سودا پايدىسىنى تۆۋەنلەتمەكتە . 1995 - يىلى بەزىبىر سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سودىدا باھا قوشۇلۇش نىسبىتى زاۋۇت باھاسىنىڭ %100 بولغان ، يىل ئاخىرىدا %50 كە چۈشۈپ قالغان ، 1996 - يىلى بولسا %30 كىمۇ يەتمىگەن . پاختا - توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئالمۇتا شەھىرىدىكى ئەھۋالى مۇشۇنداق ، يېمەكلىك ساھەسىمۇ شۇنداق بولۇپ ، ھازىر ئۇنىڭ سودىدا باھا قوشۇلۇش نىسبىتى %10 — %20 بولغان .

يۇقىرىدا بايان قىلغان تۈرلۈك ئامىللار شۇنى چۈشەندۈرىدىكى ، بايلىق تېجەش مېخانىزمى ئەمەلىيەتتە رول ئوينىيالمىدى ، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئارىسىدا ساغلام رىقابەت مېخانىزمى كەمچىل ، ئوبوروت ساھەسى ئاخىرقى ھېسابتا باھانى شەكىللەندۈرۈشتە خېرىدارلارغا يەنىلا ئېغىر يۈك ئەكەلمەكتە . بىراق ئىشىنىشكە بولۇدىكى ، بازارنىڭ تاۋارلارغا تويۇنۇشىغا ئەگىشىپ ، بازاردىكى باھانى تەڭشىگۈچى ئامىللار ( تەمىنلەش ۋە ئېھتىياج ) رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا باشلايدۇ .

ئادالەت تاھىر (ت)

# قازاقىستاندىكى مىس بازارىنىڭ يۈنىلىشى

1995 - يىلى دۇنيا بازىرىدا مىسنىڭ باھاسى قايتا ئۆرلەپ يىل ئاخىرىغا كەلگەندە بىر توننا مىسنىڭ باھاسى 3000 ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن . 1996 - يىلى بىر توننا مىسنىڭ باھاسى 2500 ئامېرىكا دوللىرىدىن ئاشتى . قازاقىستان ژىركاسگو رەڭلىك مېتال ئىدارىسى بىر تەرەپتىن ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنى يۇقىرى كۆتۈرسە يەنە بىر تەرەپتىن ئەسلىدىكى خىراجەت پىلانىنى ئۆزگەرتىپ تېخىمۇ ئىقتىسادچىل بولۇپ ، غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك چىقىمنى ئازايتتى ، چۈنكى مۇشۇنداق قىلغاندا مىس باھاسى ۋە ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى دۇنيا سودىسىدا مۇئەييەن تەسىرنى قوزغايدۇ .

1995 - يىلىدىن 2005 - يىلىغىچە ، دۇنيانىڭ مىسقا بولغان ئېھتىياجى ھەر يىلى 4.5%لىك ئوتتۇرىچە سۈرئەت بىلەن ئاشىدىكەن ، مىس بازىرى 20 يىل كاساتلاشقاندىن كېيىن ، مىسقا بولغان ئېھتىياجى يەنە نورمال ھالەتكە قايتىدىكەن . ئەگەر 1995 - يىلى پۈتۈن دۇنيانىڭ مىس سەرپىياتى 12 مىليون توننا بولسا ، 2000 - يىلى 145 مىليون توننا ، 2005 - يىلى 182 مىليون توننا بولۇشى مۇمكىن . دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن ، مىسقا بولغان ئېھتىياج ئېشىپ باردى ، ئاسىيادىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭمۇ مىسقا بولغان ئېھتىياجى ئاشتى ، تەرەققىي قىلغان شىمالىي ئامېرىكا ۋە غەربىي ياۋروپالارنىڭ مىسقا بولغان ئېھتىياجى دۇنيا مىس ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنىڭ 53%نى ئىگىلەيدۇ . ياپونىيە مىسقا بولغان ئېھتىياج جەھەتتە ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ . بۇندىن كېيىنكى ئىقتىسادىي يۈنىلىشنى ئانالىز قىلىشلارغا قارىغاندا ، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھەر بىر پىرسەنت ئۆزگىرىشى مىسقا بولغان ئېھتىياجنىڭ 1.4% ئۆزگىرىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ . 1995 - يىلىدىن 2005 - يىلىغىچە ، ياپونىيىنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2.5% — 2.7% ئاشىدۇ . جۇڭگونىڭ مىسقا بولغان ئېھتىياجى ئەڭ زور ، 1983 - يىلىدىن باشلاپ ، جۇڭگونىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 15.7%لىك سۈرئەت بىلەن ئاشتى ، بۇندىن كېيىن 9.6%لىك سۈرئەت بىلەن ئاشىدۇ . ئەگەر 1983 - يىلى جۇڭگونىڭ مىسقا بولغان يىللىق ئېھتىياجى 600 مىڭ توننا بولسا ، ئۇنداقتا 2005 - يىلى 1 مىليون 864 مىڭ توننا بولىدىغانلىقى مۆلچەرلەندى .

مىس ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى ئاشىدىغان دۆلەتلەر ئاساسەن چىلى ، ھىندونېزىيە ، جۇڭگو ، كورىيە ، ئارگېنتىنا ۋە تايلاند قاتارلىقلار ، ئەڭ زور مىس ئىشلەپچىقىرىدىغان ئورۇن - چىلىنىڭ ئىسكاكىياد مىس كانى بولۇپ ، پەقەت 1997 - يىلىدىن 1998 - يىلىغىچە بولغان قىسقىغىنە بىر يىل ئىچىدە 800 مىڭ توننا مىس قازىدۇ . بۇ ھازىرقى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى بارلىق دۆلەتلەرنىڭ بىر يىللىق مىس ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى بىلەن تەڭ . يەنە بىر مىس پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرىدىغان دۆلەت ياپونىيە بولۇپ ، گەرچە ياپونىيە سىرتتىن يۆتكەپ كەلگەن خام ماتېرىيالنى پىششىقلاپ ئىشلىسىمۇ ، لېكىن بارلىق كارخانىلارنىڭ ھەممىسى ئىلغار تېخنىكا ۋە ئەرزان باھالىق ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىنى ئىشلەتكەنلىكتىن پايدا ئالىدۇ .

2005 - يىلىغا بارغاندىمۇ قازاقىستاننىڭ مىس

تاۋلاش مىقدارى 400 مىڭ توننىدىن ئاشمايدۇ ، روسىيىنىڭ 500 مىڭ توننىغا يېقىنلىشىدۇ ، ئۆزبېكىستاننىڭ 65 مىڭ توننا بولىدۇ .

هازىر دۇنيا بازىرىدا مىس ناھايىتى كۆپ ، شۇڭا ئۇنىڭ باھاسى تۆۋەنلىمەكتە . مىس ئىشلەپچىقارغۇچى ئورۇنلار ئىمكان قەدەر سەرپىياتنى تۆۋەنلىتىپ ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنى يۇقىرى كۆتۈرمەكتە . هازىرقى مىس باھاسى 2000 - يىلغىچە ساقلىنىپ ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆسۈشى كېرەك ، مانا مۇشۇنداق بولغاندا زىركاسكو رەڭلىك مېتال ئىدارىسى پايدا ئالالايدۇ ، هازىر كارخانىلار تاپىدىغان پايدا تۆۋەنلىمەكتە ، لېكىن 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ جۇمھۇرىيەت ئېكسپورت تاموژنا بېجىنى ئەمەلدىن قالدۇردى ، قازاقىستان خەلقئارا بازارغا يۈزلىنىشى كېرەك .

# روسىيىنىڭ ئىستېمال بۇيۇملىرى بازىرى

روسىيە دۆلەتلىك ستاتىستىكا كومىتېتى « 1995 - يىلىدىكى روسىيە ئىقتىسادى » توپلىمىنى نەشر قىلىپ تارقاتتى ، بۇ كىتابتا روسىيىنىڭ 1995 - يىلىدىكى ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە بازار ئىستېمال ئەھۋالى ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا توپلاپ رەتلەنگەن . 1995 - يىلى تاۋارغا يۇقىرى دەرىجىدە تويۇنغان ۋە تاۋار بىلەن تەمىنلەش تۇراقلىق بولغان ئەھۋال ئاستىدا ، ئىستېمال بازىرىمۇ ئىنتايىن مۇقىم بولدى . ئىجتىمائىي تەمىنلەش تاۋارلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پارچە سېتىلىش تاۋارلىرىنىڭ 1995 - يىللىق ئومۇمىي سېتىلىش سوممىسى 553 مىڭ مىليارد رۇبلى بولۇپ ، 1994 - يىلىدىكىگە قارىغاندا 1.6 ھەسسە ئاشتى ، بۇ مەزگىلدە ئاھالىلار ئەمەلىي سېتىپ ئالغان تاۋارنىڭ باھاسى 7% تۆۋەنلىدى . 1995 - يىلى ئاھالىلەرنىڭ ئىستېمال بۇيۇملىرىنى سېتىپ ئېلىش ۋە ھەقلىق مۇلازىمەت ئۈچۈن ئىشلەتكەن خىراجىتى جەمئىي 668 مىڭ مىليارد رۇبلى بولۇپ ، بۇ 1994 - يىلىدىكىگە قارىغاندا 1.7 ھەسسە كۆپ . يۇقىرىدىكى مەزگىلدە ئاھالىلارنىڭ ئەمەلىي ئىستېمال مىقدارى 9% تۆۋەنلەپ كەتتى .

1995 - يىلى غەيرىي دۆلەت سودا رايونى ئىچىدە ، 87% پارچە سېتىلىدىغان تاۋارلار بولۇپ ، بۇ 1994 - يىلىدىكىگە قارىغاندا 85% كۆپ . 1995 - يىلى ، پارچە سېتىلىدىغان تاۋارلارنىڭ ماكرولۇق قۇرۇلما سودىسىدا غەيرىي ئاشلىق تاۋارلىرى بىر قەدەر كۆپ بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى 1994 - يىلىدىكىگە قارىغاندا خېلى كۆپ تۆۋەنلەپ كەتكەن ، بۇ ئاھالىلارنىڭ سېتىۋېلىش كۈچىنىڭ تۆۋەنلىگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك . 1995 - يىلى ئاھالىلارنىڭ ئاشلىق تاۋارلىرىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئىشلەتكەن خىراجىتى 264 مىڭ مىليارد رۇبلى ، غەيرىي ئاشلىق تاۋارلىرىغا ئىشلەتكەن خىراجىتى 289 مىڭ مىليارد رۇبلى بولۇپ ، 1994 - يىلىدىكىگە قارىغاندا ئايرىم - ئايرىم ھالدا 10% ۋە 5% تۆۋەنلىدى . روسىيە فېدېراتسىيىسىدە ئاشلىق تاۋارلىرىنىڭ سېتىلىش مىقدارى 1994 - يىلىدىكىگە قارىغاندا 89 رايون ئىچىدە 76 رايوننىڭ تۆۋەنلەپ كەتتى ، غەيرىي يېمەكلىك تاۋارلىرىنىڭ سېتىلىش مىقدارى 58 رايوندا تۆۋەنلەپ كەتتى ، بۇ ئىككى خىل تاۋارنىڭ سېتىلىش مىقدارى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 13 - 30 رايوندا يۇقىرى كۆتۈرۈلدى . موسكۋادا غەيرىي ئاشلىق تاۋارلىرىنىڭ سېتىلىش مىقدارى ئۆزگەرمىدى .

1996 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈندىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، پارچە سېتىش كارخانىلىرنىڭ ئامبارلىرىدا 330 مىڭ مىليارد رۇبلىلىق تاۋار ساقلانغان بولۇپ، بۇنىڭ قىممىتى 1995 ـ يىلىدىكىگە قارىغاندا %2 تۆۋەنلەپ كەتكەن. 1995 ـ يىلىدىكى تاۋارلارنىڭ %50 تىن كۆپرەكى ئىمپورت قىلىنغان بولۇپ، بۇ تاۋارلارنىڭ سۈپىتى روسىيىدە ئىشلەنگەن تاۋارلارنىڭ سۈپىتىگە قارىغاندا ياخشى. ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلار ئاساسەن تۇرمۇش بۇيۇملىرى، سىمسىز ئېلېكتر ئۇسكۈنىلىرى، ھەر خىل ئېلېكترلىك ئەسۋابلار، ئۆلچەش ئەسۋابلىرى، كىيىم ـ كېچەك، ئاياق، تاماكا ۋە ھەر خىل تېتىتقۇ قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

1995 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، دۆلەتلىك ستاتىستىكا كومىتېتى سېتىش كارخانىلىرىنىڭ رەھبەرلىرىگە يىغىن ئاچتى، بۇ يىغىندا كۆپچىلىك ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلارنىڭ %71نى بىر قەدەر ياخشى تاۋارلار، دەپ قارىدى. بۇ تاۋارلارنى ياخشى دېيىشتىكى سەۋەب، تاۋارنىڭ ئوبوروتى تېز، سېتىۋېلىش شارائىتى بىر قەدەر ياخشى، ئىمپورت قىلىنغان ئاشلىق تاۋارلىرىنى ساقلىغىلى بولىدىغان ۋاقتى بىر قەدەر ئۇزۇن ۋە تاۋارلارنىڭ تۈرى ياخشى. سودا كارخانىلىرىنىڭ خوجايىنلىرى ئامېرىكا، كانادا ۋە ياپونىيىلەردە ئىشلەپچىقىرىلغان تاۋارلارنى سېتىۋېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ، چۈنكى ئۇلار بۇ جايلاردا ئىشلەپچىقىرىلغان تاۋارلارنىڭ سۈپىتىنى ياخشى دەپ قارايدۇ. يەنە بەزى خوجايىنلار جۇڭگو، كورىيە ۋە شياڭگاڭ قاتارلىق دۆلەتلەردە ئىشلەپچىقىرىلغان تاۋارلار بىر قەدەر كۆپ، ئۇلار ئاساسەن باھاسى ئەرزان، مال بىلەن تەمىنلەش مىقدارى كۆپ بولغانلىقتىن سېتىۋالغۇچىلارنى جەلپ قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ.

1995 ـ يىلى ئىجتىمائىي تەمىنات كارخانىلىرى 170 مىڭ مىليارد رۇبلىلىق تاۋار ساتتى، بۇ 1994 ـ يىلىدىكىگە قارىغاندا %24 ئاز. مەيلى كارخانا ئورۇنلىرى بولسۇن، ياكى ئاشخانا، بوتكا ۋە ئاھالىلار مۇلازىمەت ئورۇنلىرىدا بولسۇن ئىجتىمائىي تەمىنات تاۋار ئوبوروت مىقدارىنىڭ ئازىيىپ كېتىشى خېرىدارلارنىڭ ئوبوروت مىقدارى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئىجتىمائىي تەمىنات تاۋارلىرىنىڭ سودا ئومۇمىي سوممىسى 1994 ـ يىلى %3.4، 1995 ـ يىلى %3.1 بولدى. ئىستېمال ھەمكارلىق كوپېراتىپى كارخانىلىرىنىڭ پارچە سېتىش سودا سوممىسى 1995 ـ يىلى 250 مىڭ مىليارد رۇبلى بولۇپ، 1994 ـ يىلىدىكىگە قارىغاندا 1.1 ھەسسە ئاشتى، تاۋار قىممىتى %27 تۆۋەنلىدى.

روسىيىدە 1995 ـ يىلى ئوتتۇرىچە ئىستېمال قىممىتى %231 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق تاۋار ئىستېمالىغا ئىشلەتكىنى %223 نى، غەيرىي ئاشلىق تاۋارلىرى %216نى، ئاھالىلار ھەقلىق مۇلازىمىتى %332نى ئىگىلەيدۇ. ئىستېمال قىممىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئالدىنقى يېرىم يىلدا %10.1، كېيىنكى يېرىم يىلدا %4.4 ئاشتى. 1995 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى بەش ئېيىدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر كۈنى ئىستېمال قىممىتىنىڭ ئېشىشى %0.15 تىن تۆۋەن بولدى.

## 21 ـ ئەسىردە بازىرى ئىتتىك بولىدىغان يۇقىرى تېخنىكىلىق مەھسۇلاتلار

تېلېۋىزورلۇق تېلېفون: بۇ خەۋەرلىشىش ساھەسىدە مۇكەممەللىشىپ قالغان تېخنىكا بولۇپ، نۆۋەتتە ھەر قايسى دۆلەتلەر بۇنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش سىنىقى ئېلىپ بارماقتا. مەخسۇس

توپ زەنجىرلىك قىلىپنى تەتقىق قىلىپ ئىچىش ئارقىلىق تەننەرخنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىتىپ، ئاندىن تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىپ ساتماقچى. مۆلچەرلىنىشچە كېيىنكى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ناھايىتى چوڭ بازار بولۇپ شەكىللىنىدۇ.

**ئاپتوماتىك باشقۇرۇلىدىغان ئاپتوموبىل:**

بۇ ئاپتوموبىلنىڭ يېتىپ بارىدىغان نىشانى بەلگىلىنىپ قويۇلسىلا ئاپتوماتىك ھالدا لىنىيە تاللىيالايدۇ ھەم ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يېتىپ بارىدۇ. يول باشلىغۇچى سىستېمىلارنىڭ مۇكەممەللىشىشىگە ئەگىشىپ، كېيىنكى ئەسىردە بۇ مەھسۇلاتنىڭ ئىپتىدائىي شەكىللىك ئاپتوموبىللارغا خاتىمە بېرىش ئېھتىمالى ناھايىتى چوڭ.

**ئەقىل - پاراسەتلىك ئورۇندۇقلۇق ئاپتوموبىل:** بۇ خىل ئاپتوموبىل ئارىلىقنى توغرا ئۆلچىيەلەيدۇ. ھەم توسالغۇلاردىن ئاپتوماتىك ھالدا ياندىپ ئۆتەلەيدۇ. نۆۋەتتە بۇ خىل ئاپتوموبىلنىڭ تېخنىكا جەھەتتە قىيىنچىلىق يوق، ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغىنى تەننەرخى مەسىلىسى بولۇپ قالدى.

**جىددىي كەيپىياتنى يوقىتىدىغان ماشىنا:**

بۇ ئائىلىلەردە جىددىيلىكنى يوقىتىدىغان ھەم ئېتىلگەن ۋە يۇيۇنۇشقا ئىشلىتىدىغان ماشىنا. بۇنىڭ تەننەرخىنى تۆۋەنلەتكەندە ناھايىتى تېز ئومۇملاشتۇرغىلى بولىدۇ.

**ئاۋازلىق تەرجىمە قىلالايدىغان ماشىنا:**

ئادەم ئىشلىتىشكە كەلگەندە مۇھىمى ئاۋازنىڭ ئېنىقلىقىنى پەرىقلەندۈرۈشنى يۇقىرى كۆتۈرۈش تەلەپ قىلىنىدۇ. مۆلچەرلىنىشچە، يېقىنقى يىللاردا ئۆلگە قىلىنىدىغان بىر نەچچە خىل ماشىنا بارلىققا كېلىدىكەن.

**بەشىنچى ئەۋلاد ھېسابلاش ماشىنىسى:**

بۇ، ھېسابلاش ماشىنىسى ئىنسانلار بىلەن تەبىئىي ھالدا سۆزلىشەلەيدۇ. بۇنىڭدىكى ئاچقۇچلۇق مەسىلە، نۇر ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىش تېخنىكىسى، مۆلچەرلىنىشچە 2005 - يىلىدىن كېيىن بۇ رېئاللىققا ئايلىنىدىكەن.

شازادەم (ت)

# 21 - ئەسىردە بازارغا سېلىنىدىغان چايلار

يېقىندا، خەلقئارا چاي كومىتېتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلىرى 21 - ئەسىردە دۇنيانىڭ چاي تەرەققىياتى يۆنىلىشىنى مۆلچەرلەپ، بۇندىن كېيىن دۇنيادا چاي مەھسۇلاتلىرى تۆۋەندىكى بەش خىل تۈر بويىچە تەرەققىي قىلىدۇ، دەپ قارىدى.

**1. ئوزۇقلۇقى بىر قەدەر يۇقىرى ساقلىقنى ساقلاش چېيى:**

تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەر چاي ئىچىشنى ئۆزىنىڭ ئادىتى قىلىپلا قالماي، بەلكى چاي ئىچىش ئارقىلىق ساقلىقنى ساقلاش مەقسىتىگە يېتىشنى تېخىمۇ ئۈمىد قىلىدۇ. گەرچە چاينىڭ ئۆزىدە كۆپلىگەن ساقلىقنى ساقلاش ئوزۇقلۇق ماددىلىرى بولسىمۇ، لېكىن ھازىرقى ساقلىقنى ساقلاش ئىچىملىكلىرىدىن مەلۇم جەھەتتە پەرىقلىنىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، ئوزۇقلۇق تەركىبى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان ساقلىقنى ساقلاش چايلىرى 21 - ئەسىردە تەرەققىي قىلدۇرۇپ ئاچىدىغان يۆلىنىش. مۆلچەرلەرگە ئاساسەن، كېيىنكى ئەسىرنىڭ بېشىدا، ياشقا قارشى تۇرۇش چېيى، قېرىشقا قارشى تۇرۇش چېيى، بەدەننى گۈزەللەشتۈرۈش چېيى، زېھنىنى ئاشۇرۇش چېيى، ئورۇقلىتىش چېيى، ئەيدىس كېسىلىدىن ساقلى

نىش چېيى قاتارلىقلار ئۈزلۈكسىز بارلىققا كېلىپ
ئىنسانلارنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن يېڭى تۆھپى-
لەرنى قوشىدىكەن .

**2 . ئىچىشكە قولايلىق چايلار :**

ھازىرقى زامان تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ ئالا-
ھىدىلىكى تېز ، جىددىي ، ئاددىي ، يۇقىرى ئۈ-
نۈملۈك بولۇپ ، دەملەپ چاي ئىچىشتىن ئىبارەت
ئەنئەنىۋىي ئۇسۇل يوقىلىش ئالدىدا تۇرماقتا .
شۇڭا ، ئىچىشكە قولايلىق بولغان يېڭى چاي
تۈرلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئىچىش كېرەك . تەھ-
لىل قىلىشقا قارىغاندا ، ھەر خىل تۈردىكى تېز
دەملىنىدىغان چاي ، بوتۇلكىغا قاچىلانغان سۇيۇق
ھالەتتىكى چاي ، چاي تۈرىدىكى ئىچىملىكلەر
قاتارلىقلار ، ھەر قايسى چاي ئىشلەپچىقىرىدىغان
دۆلەتلەر ۋە چاي ئىستېمال قىلىدىغان دۆلەتلەر-
نىڭ مۇھىم ئىچىش نۇقتىسى بولۇپ قالىدۇ . پە-
مىل چاي دۇنيا بويىچە ئاساسلىق ئىستېمال چېيى
بولغاچقا ، سېتىلىش مىقدارى پۈتۈن يەر شارى
ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 90% نى تەشكىل قىلىدۇ .
پەمىل چاي ئاساس قىلىپ ئىشلەنگەن تېز دەملى-
نىدىغان چاي ، سۇيۇق ھالەتتىكى چاي ئىچىم-
لىكلىرى يەنىلا تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم
نۇقتىسى بولۇپ تۇرماقتا .

**3 . ئەرزان ئەمەلىي مەنپەئەتلىك چايلار :**

خەۋەر قىلىشلارغا قارىغاندا ، دۇنيا بويىچە
ئاساسلىق چاي ساتىدىغان دۆلەتلەر ئامېرىكا ،
ئەنگلىيە ، فرانسىيە ، ياپونىيە ، گېرمانىيە قاتار-
لىق سانائەتتە تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردىن باش-
قا ، كۆپ ساندىكىلىرى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆ-
لەتلەردۇر .

بۇ دۆلەتلەرنىڭ مالىيە كۈچى چەكلىك
بولغاچقا ، باھاسى ئەرزان ئەمەلىي مەنپەئەتلىك ،
كۆپ مىقدارلىق چاي تۈرلىرى ھەر قايسى چاي
ئىشلەپچىقىرىش دۆلەتلىرىنىڭ ئاساسلىق ئىش-
لەپچىقىرىش چېيى بولماقتا . جۇڭگو ، ھىندىس-
تان ، سىرلانكا ، كېنىيەدىن ئىبارەت بۇ تۆت
چوڭ چاي ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلىدىغان
دۆلەتلەر ئىچىدە ، جۇڭگو يېقىنقى بىر قانچە يىل
ئىچىدە داڭلىق ئالاھىدە چاي ئىشلەپچىقىرىشنى
تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدى-
غان بولدى . ئۇنىڭدىن قالغان ئۈچ دۆلەت كۆپ
مىقدارلىق ئۇۋاق پەمىل چاي ئىشلەپچىقىرىشنى
ئاساس قىلماقتا . نۆۋەتتە بۇ دۆلەتلەر باھاسى
ئەرزان ، ئەمەلىي مەنپەئەتلىك چايلارنى كۆپلەپ
ئىشلەپچىقىرىپ خەلقئارالىق بازارلارنى تەمىنلى-
مەكتە .

**4 . ئىجتىمائىي ئاپەتتىن خالىي بولغان تەبىئىي چاي تۈرى :**

نۆۋەتتە ، ئىنسانلارنىڭ ھازىرقى زامانىۋىي
تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ تەسىرى بىلەن ، بۇلغانمى-
غان ، ئەكس تەسىرى يوق تەبىئىي يېشىل يې-
مەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىشقا يۈزلەندى . گەرچە
چاي ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا ھېچ قانداق خى-
مىيىۋىي ماددىلار قوشۇلمىسىمۇ ، ئۆستۈرۈش
جەريانىدا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە دېھقانچى-
لىق دورىسى ، خىمىيىۋىي ئوغۇت ۋە باشقا سانا-
ئەت تاشلاندۇقلىرىنىڭ بۇلغىنىشىغا ئۇچرايدۇ .
شۇڭا ، يېقىنقى بىر نەچچە يىللاردىن بۇيان
غەربتىكى بەزى چاي ئىمپورت قىلىدىغان دۆلەت-
لەر ئىمپورت قىلىدىغان چاينى تەكشۈرۈپ ئې-
لىشنى كۈچەيتتى ھەم « غەيرى تەبىئىي چاي »
نىڭ كىرىشىنى چەكلىدى . بۇ خىل يۈزلىنىشكە
نىسبەتەن ، ھەر قايسى چاي ئىشلەپچىقىرىش دۆ-
لەتلىرى تەبىئىي ، ئەكس تەسىرى يوق چاي
ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى .

**5 . ئالاھىدە ئىقتىدارلىق چاي تۈرى :**

كالتسىي ، سېلىن ، گېرمانىي ، يود قاتار-
لىق ئېلېمېنتلار ئادەم تېنىگە كېرەكلىك ماد-
دىلاردۇر ، بۇلارنىڭ ئالاھىدە ساقلىقنى ساقلاش
رولى بولۇپ ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن

كېيىنكى ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ، مول كالتسىي-
لىق چاي ، مول سېلېنلىق چاي ، ئورگانىك
گېرمانىيلىق چاي ، يود تەركىبلىك چاي قاتار-
لىق ئالاھىدە ئىقتىدارلىق چايلار نۇقتىلىق ئىچى-
لىدىغان چايلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . مەسىلەن :
ياپونىيە تەتقىق قىلىپ ئىشلىگەن مول كالتسىيلىق
چاينىڭ كالتسىي تەركىبى ئادەتتىكى چاي تۈر-
لىرىدىن ئون نەچچە ھەسسە يۇقىرى ، باللار ،
ھامىلدار ئاياللار ۋە ياشانغانلارنىڭ ئىچىشىگە نا-
ھايىتى باب كېلىدۇ . مەملىكىتىمىز ئىشلەپچىقار-
غان مول سېلېنلىق چاي ، راك كېسەللىكىگە
قارشى ، قېرىلىققا قارشى قاتارلىق ئالاھىدە ئىق-
تىدارغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن مەملىكەت ئىچى
ۋە سىرتىدىكى ئىستېمالچىلارنىڭ ياخشى كۆرۈ-
شىگە سازاۋەر بولدى . « ھاياتلىق مەنبىيى » دەپ
ئاتالغان ئورگانىك گېرمانىي ، ئادەمنىڭ ئىممۇنىت-
لىق ئىقتىدارىغا ئالاھىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ .
شۇڭا بىئولوگىيىلىك تېخنىكا بىلەن تەتقىق قى-
لىپ ئىشلەپچىقارغان ئورگانىك گېرمانىي چاي ،
ئىنسانلار ئەڭ ئېھتىياجلىق چاي تۈرى بولۇپ
قالدى . خەۋەرلەرگە قارىغاندا ، جۇڭگو بىلەن
ياپونىيە ئورگانىك گېرمانىي چايىنى بازارغا سال-
غاندا بازىرى ناھايىتى ئىتتىك بولغان .

دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ خەۋەر قى-
لىشىچە ، پۈتۈن دۇنيا بويىچە بىر مىلياردتىن
ئارتۇق ئادەمدە يود يېتىشمەسلىك ئەھۋالى كۆ-
رۈلگەن ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تىرى-
شىپ كېيىنكى ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئىنسانلاردا
بولغان يود يېتىشمەسلىك كېسىلىنى ئاساسى
جەھەتتىن يوقىتىشنى قارار قىلدى . شۇڭا ، مۇ-
تەخەسسىسلەر يود تەركىبلىك چاي 21 - ئە-
سىردە ئىچىلىدىغان چاي تۈرلىرى ئىچىدىكى بىر
يېڭى يۆنىلىش ، دەپ مۆلچەرلىگەن . يود تەركى-
بلىك چاي ئالاھىدە مۇنەر - سەنئەت قوللىنىپ
مەلۇم مىقداردىكى يودنى چايغا ئارلاشتۇرۇپ
ئىشلەپچىقىرىلغان چاي بولۇپ ، بۇنى ئىچىش
ئارقىلىق يودنى ئادەم بەدىنىگە قوبۇل قىلدۇرۇش
مەقسەت قىلىنىدۇ . بۇ ئىنسانلارنىڭ يود قوبۇل
قىلىشىغا يېڭى يول ئېچىپ بېرىدۇ .

شازادەم (ت)

# كۆپ ئىقتىدارلىق يەم - خەشەك پىششىقلاپ ئىشلەش ماشىنىسى

شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمى-
يىسى يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەتقىقات
ئورنى 520 — JFRZ تىپلىق كۆپ ئىقتىدارلىق
يەم - خەشەك پىششىقلاپ ئىشلەش ماشىنىسىنى
تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقتى. بۇ ماشىنا ھەر خىل
پاخال، ئوت - چۆپ قاتارلىق يېرىك يەم - خە-
شەكلەرنى ۋە ھەر خىل يېمەكلىك، كۆنجۈرە قا-
تارلىق ساپ يەم - خەشەكلەرنى پىششىقلاپ
ئىشلىيەلەيدۇ. بۇ ماشىنىنىڭ زاپچاسلىرىنى تەگ-
شەش ئارقىلىق ئوت - چۆپ يىغىش ۋە ئۇلارنى
كاللەكلەش، يېرىك يەم - خەشەكلەرنى يەنچىش،
سىلوسلاش قاتارلىق مەشغۇلاتلارنى ئېلىپ بار-
غىلى بولىدۇ. پىششىقلاپ ئىشلىگەندىن كېيىنكى
ھەر خىل يەم - خەشەكلەرنىڭ ئىشلىتىلىش
نىسبىتى 95% تىن ئاشىدۇ.

تەجرىبىلەرگە قارىغاندا، بۇ ماشىنا سائە-
تىگە قۇرۇق پاخال ۋە ئوت - چۆپلەردىن 800
كىلوگرامنى، يېرىك يەم - خەشەك پاراشوكىدىن
500 كىلوگرامنى، كۆممىقۇناقتىن 1000 كى-
لوگرامنى، سىلوسلانغان يەم - خەشەكتىن 1500
كىلوگرامنى پىششىقلاپ ئىشلىيەلەيدىكەن.

ئامان ھۇسەيىن (ت)

## قازاقىستان مەبلەغ سېلىش رەسمىيەتلىرىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىشىنى قارشى ئالىدۇ

قازاقىستان ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى يېقىندا ، چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ كېلىپ مەبلەغ سېلىشىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى . قازاقىستان ئىمپورت - ئېكسپورت بانكىسىنىڭ رەئىسى : قازاقىستاننىڭ كەلگۈسىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات مۇھىم نۇقتىسى نېفىت بىلەن تەبىئىي گاز ، كان مەھسۇلاتلىرى ۋە خىمىيە سانائىتى بولىدۇ ، تەبىئىي گاز بايلىق زاپىسى مول بولغانلىقتىن قازاقىستاننىڭ كەلگۈسىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىستىقبالى ياخشى بولىدۇ ، دەپ كۆرسەتتى .

قازاقىستان سودا سانائەت مىنىستىرلىكىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى قوناقايېۋ ، پايدىلىق بولغان مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنى يارىتىش ئۈچۈن ، قازاقىستان 1994 - يىلى چەت ئەللەرنىڭ مەبلەغ سېلىشىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم قانۇنلارنى ماقۇللاپ ، چەت ئەل مەبلىغىدىكى شىركەتلەرنىڭ تەسىس قىلىنىشىغا يول قويغان ، ھۆكۈمەت باج ئېلىنىدىغان 43 تۈرنى 11 تۈرگە چۈشۈرىدۇ ھەم ھەر خىل مەبلەغ سېلىش رەسمىيەتلىرىنى ئاددىيلاشتۇرىدۇ ، دەپ كۆرسەتتى .

ئۇ يەنە ، بۇ يىلدىن باشلاپ بارلىق شىركەتلەر يېڭى ئەمىر - پەرمانلار ئاستىدا يېڭى بوغالتىر تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ ، چەت ئەل شىركەتلىرى ئەگەر مەبلەغ سېلىش جەريانىدا يەرگە ئېھتىياج بولسا ، بۇ يەرنى خۇسۇسىيلاشتۇرسا بولىدۇ . يېڭى ئەمىر - پەرمان ئاستىدا ، ھۆكۈمەت چەت ئەل مەبلىغىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ ، دەپ كۆرسەتتى .

قازاقىستان ھازىر 22 دۆلەت بىلەن مەبلەغ سېلىش كېلىشىمىنى ئىمزالىدى . ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 20 دۆلەت بىلەن مەبلەغ سېلىش كېلىشىمىنى ئىمزالاش توغرىسىدا سۆھبەت ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ .

## شىنجاڭ مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ « پاختا ئامبىرى » بولۇپ قالدى

شىنجاڭ يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان دۆلەتنىڭ قوللىشى ئاستىدا ، بوز يەر ئېچىپ پاختا تېرىشنى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشنىڭ يولى قىلىپ ، ھەر مىللەت دېھقانلىرىنى ئاكتىپلىق بىلەن تەشكىللەپ پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇردى . شۇنىڭ بىلەن بىرگە باشقا ئۆلكە ، شەھەرلەرنى پاختا بازىسىنى ئېچىش ئۈچۈن مەبلەغ سېلىشقا جەلب قىلىپ ، زور كۆلەمدىكى بوز يەرلەرنى ئېچىپ يۇقىرى مەھسۇلاتلىق پاختا ئېتىزىغا ئايلاندۇردى .

ھازىر ، ئاپتونوم رايونىمىزدا پاختا تېرىلىدىغان يەر كۆلىمى 7 مىليون موغا يېتىدۇ . 1995 - يىلى ساپ پاختىنى سېتىۋېلىش مىقدارى 25 مىڭ توننىغا يېتىپ ، مەملىكەت بويىچە ئەڭ زور « پاختا ئامبىرى » غا ئايلاندى .

## مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا روسىيىنىڭ شېكەر مەھسۇلات مىقدارى 5 مىليون 500 مىڭ تونىنغا يېتىدۇ

روسىيىدىكى ئىقتىسادشۇناسلارنىڭ مۆلچەرلىشىچە، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە، روسىيە دۆلەت ئىچىدىكى قىزىلچا ۋە ئىمپورت قىلىنغان خام شېكەردىن پايدىلىنىپ 5 مىليون 500 مىڭ توننا ئاق شېكەر ئىشلەپچىقىرىدىكەن. 1994 - يىلى روسىيىدە ئاق شېكەرنىڭ مەھسۇلات مىقدارى 3 مىليون 100 مىڭ توننا بولغانىدى. بۇندىن كېيىن روسىيىدە ئاق شېكەر مەھسۇلاتىنىڭ ئېشىشىدىكى سەۋەب، روسىيىدىكى ئىشلەپچىقىرىش سودىگەرلىرى دۆلەت ئىچى بازارلىرىدىكى ئۇلۇشىنى ئاشۇرىدىكەن، يەنى 1995 - يىلىدىكى 70% دىن 2000 - يىلىغا بارغاندا 82% كە يېتىدىكەن. قىزىلچىدىن ئىشلەپچىقىرىلىدىغان شېكەر مەھسۇلاتلىرى 1995 - يىلىدىكى 1 مىليون 900 مىڭ تونندىن ئېشىپ 3 مىليون 200 مىڭ تونندىن 3 مىليون 600 مىڭ توننىغىچە يېتىدىكەن. لېكىن مۆلچەرلىنىشىچە روسىيە يەنىلا 2 مىليون توننا ئەتراپىدا شېكەر ئىمپورت قىلىپ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە 1 مىليون توننا ئاق شېكەر ئىمپورت قىلىدىكەن.

## قازاقىستاننىڭ تېنگىز نېفتلىكى

قازاقىستاننىڭ تېنگىز نېفتلىكى 1979 - يىلى بايقالغان بولۇپ، يېقىنقى 15 يىلدىن بۇيان بايقالغان دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ نېفتلىكنىڭ بىرى شۇنداقلا بىر قاتار چوڭ تىپتىكى نېفتلىك ئىچىدە تەركىبىدە نېفت زاپاس تۈزۈلمىسى ئەڭ چوڭقۇر نېفتلىك. تېنگىز نېفتلىكىنىڭ زاپاس نېفت مىقدارىغا نىسبەتەن ئېلىپ بېرىلغان ئەڭ يېڭى مۆلچەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭ زاپاس مىقدارى 3 مىليارد توننا (23 مىليارد 600 مىليون تۇڭ)، تەبىئىي گاز 1800 مىليارد كۇب مېتىر كېلىدۇ. بۇ نېفتلىكنى قازاقىستان جەمئىيەتىنىڭ «شېۋرون» شىركىتى بىلەن بىرلىكتە مەبلەغ سېلىپ قازغان بولۇپ، ئومۇمىي سالغان مەبلەغ 20 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى، مۇددىتى 40 يىل، ھازىر قېزىلغىلى ئۈچ يىل بولدى. تېنگىز شېۋرون مەبلەغ قوشقان شىركىتى باشتىلا ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك پىرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەم نېفت پىششىقلاش ھۈنەر - سەنئىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش جەريانىدا ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللاندى. پىلاندىكى بىرىنچى باسقۇچلۇق ۋەزىپە 1995 - يىلى تاماملاندى. پەقەت ئىككى يىللا ۋاقىت سەرپ قىلىندى. بۇ جەرياندا نېفت گازى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىنىڭ بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىنىڭ (ئۈنۈۋېرسال ھۈنەر - سەنئەت ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى) قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇشى تاماملىنىپ زاۋۇتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئاشتى. شىركەتنىڭ يىللىق نېفت ئېكسپورت مىقدارىنى 4 مىليون 500 مىڭ تونىنغا يەتكۈزۈش پىلانى ئەمەلگە ئاشتى. شىركەت 1996

- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە يىللىق نېفىت ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 6 مىليون توننىلىق سەۋىيىنى قولغا كەلتۈرۈشنى پىلانلىدى. ئۈچ ھۆددىگەرلىك شىركىتى ئىككىنچى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىنىڭ لايىھە تەتقىقات خىزمىتىگە قاتناشتى. قۇراشتۇرۇش خىزمىتىنى ۋېنگرىيىنىڭ بىر شىركىتى ئۈستىگە ئالدى. بىراق نېفىت يەتكۈزۈش شارائىتى چەكلىك بولغانلىقتىن ئىككىنچى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىنىڭ بىر قىسىم ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى زاپاس ھالەتتە قالدى. نېفىت توشۇش مەسىلىسى ھەل بولىدىغانلا بولسا ئىككىنچى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىدە نېفىتنىڭ كۈندىلىك ئىشلەپچىقىرىلىش مىقدارى 9 مىڭ تونىغا يېتىدۇ.

نېفىت توشۇشتىن بۇرۇن، نېفىتنىڭ خام ئەشيالىرىنى ساپلاشتۇرۇش، تەركىبىدىكى گۈڭگۈرتلۈك بىرىكمىلەرنى چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن گۈڭگۈرتلۈك ئىسپىرتنى ئايرىش قۇرۇلمىسى قۇراشتۇرۇلدى، بۇ تۈر ئۈچۈنلا 100 مىليون ئامېرىكا دوللىرى سەرپ قىلىنىدى. بۇ قۇرۇلما 1995 - يىلى 3 - ئايدىن باشلاپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، ھازىر ھەر يىلى 4 مىليون توننا خام نېفىتنى بىر تەرەپ قىلالايدۇ.

تېنگىز نېفىتلىكىنى ئېچىش كېلىشىمىگە ئاساسەن، قېزىلغان نېفىت غەربىي ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا دېڭىز رايونىغا ئېكسپورت قىلىنسا نېفىت سېتىشتىن كەلگەن پايدا مەلۇم نىسبەت بويىچە تەقسىم قىلىنىدۇ، يەنى قازاقىستان 80%، شېۋرون شىركىتى 20% ئالىدۇ. تېنگىز - شېۋرون شىركىتىنىڭ نەتىجىلىرى پۈتۈن دۇنياغا شۇنى كۆرسىتىپ بەردىكى، قازاقىستان ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىسادىي كۈچى ئارقىلىق يېڭى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىلغار ئورۇندا تۇرىدۇ.

# قازاقىستان ھاۋا قاتناش تەكشۈرۈشنى كۈچەيتتى

قازاقىستان ھۆكۈمىتى ھاۋا قاتنىشىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، يولۇچىلار ھەمدە قولدا كۆتۈرۈۋالغان ماللار، يۈك - تاق، پوسۇلكا ۋە ئاۋىئاتسىيە يېمەكلىكلىرىنى نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈش توغرىسىدا قارار تەستىقلىدى.

خەۋەرلەرگە ئاساسلانغاندا، يۇقىرىقىدەك بۇيۇملار ۋە يولۇچىلارنى نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈش، خەتەرلىك بۇيۇملار ۋە زەھەرلىك بۇيۇملار قاتارلىق قانۇنسىز بۇيۇملارنى ئايروپىلانغا ئېلىپ چىقىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈندۇر. خەتەرلىك بۇيۇملار ۋە يولۇچىلارنىڭ تىزىملىكى دۆلەتلىك قاتناش ترانسپورت باشقۇرۇش ئورۇنلىرى باش تەپتىش مەھكىمىسى، ئىچكى ئىشلار مىنىسترلىكى ۋە دۆلەتلىك خەۋپسىزلىك كومىتېتى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بېكىتىدۇ. ھەر قايسى ئاۋىئاتسىيە شىركەتلىرى ۋە ئاۋىئاتسىيە كارخانىلىرىنىڭ رەھبەرلىرى نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈش خىزمەتلىرىنى تەشكىللەشكە مەسئۇل بولىدۇ.

يولۇچىلار تەكشۈرۈش مەيدانىدا بولمىغان ۋاقىتتا يۈك - تاقلىرىنى تەكشۈرۈشكە توغرا كەلسە، ئايرودروم، ساقچى ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇن رەھبەرلىرىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ئېلىپ بارىدۇ، ئەڭ ئاز دېگەندە ئىككى ئادەم نەق مەيداندا بولغاندا ئاندىن تەكشۈرۈشنى تىزىمغا ئېلىش كېرەك. ئەگەر تەكشۈرۈش جەريانىدا چەكلەنگەن بۇيۇملار بايقالمىسا، ئاۋىئاتسىيە ئو-

رۇنلىرىنىڭ مەسئۇلى زۆرۈر چارىلەرنى قوللى- نىپ ، يولۇچىلارنىڭ شۇ نۆۋەتلىك ئايروپىلانغا ياكى كېلەر قېتىملىق ئايروپىلانغا ئولتۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك .

## روسىيە شېكەر ئىمپورت قىلىشتا نورما تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ

روسىيىنىڭ شېكەرچىلىك ئىشلىرىنى قوغداش ئۈچۈن روسىيىدىكى شېكەر ئىشلەپچى- قارغۇچىلار بىرلەشمە جەمئىيىتى شېكەر ئىمپورت قىلىشتا نورما بەلگىلەشنى ۋە ئىمپورت بېجىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى . روسىيە ھۆكۈمىتىمۇ شېكەر ئىمپورت بېجىنى 25% تىن 35% كە كۆتۈرۈشنى ئويلاشماقتا .

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى مەزگىلىدە ، روسىيە ھەر يىلى 7 مىليون تونىندىن 7 مىليون 500 مىڭ تونىنغىچە بولغان شېكەرنى ئىستېمال قىلاتتى ، يەرلىكتە ئىشلەپچىقىرىلغان شېكەر ئېھ- تىياجىنىڭ پەقەت 30% تىگىلا كاپالەتلىك قىلالايتى . شۇڭا 3 مىليون تونىندىن 3 مىليون 500 مىڭ تونىنغىچە بولغان شېكەر ئۇكرائىنا ۋە مولداۋىيىدىن ، 1 مىليون 100 مىڭ توننا شېكەر كۇبادىن ئىمپورت قىلىناتتى . سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن ، روسىيىنىڭ سېتىۋېلىش كۈچى تۆۋەنلەپ كەتتى ، ئىستېمال مىقدارىمۇ 5 مىليون 500 مىڭ تونىندىن 5 مىليون 600 مىڭ تونىنغىچە تۆۋەنلەپ كەتتى . زور مىقداردىكى ئىمپورت قىلىنغان شېكەر روسىيە بازارلىرىغا بۆسۈپ كىرگەنلىكتىن ، شېكەرنىڭ باھاسى تۆۋەنلەپ ھەر بىر كىلوگرامى 2300 — 2500 رۇبلىغا چۈشۈپ قالدى ، لېكىن روسىيىدە ئىشلەپچىقىرىلغان شېكەرنىڭ تەننەرخى 1995 - يىلى بىر كىلوگرامىنىڭ 2986 رۇبلى بولدى . بۇ- نىڭغا يەنە 15% لىك پايدا بېجى ۋە 10% لىك قىممىتى ئاشقان باج قوشۇلىدۇ . شېكەرنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى 3777 رۇبلى بولغاندىلا زىيان تارتمايدۇ . 1996 - يىلى خام ماتېرىيال ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش تەننەرخى 18 — 20 پىر- سەنت ئېشىپ كەتكەنلىكتىن ، ھەر بىر كىلوگرام شېكەرنىڭ تەننەرخىمۇ 3500 رۇبلىدىن يۇقىرى بولىدۇ .

## ئىمپورت قىلىنغان شېكەرلەر روسىيىدە بازار تاپماقتا

روسىيە يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى ۋە يېمەكلىك مىنىستىرلىكىنىڭ ئاشكارىلىشىچە ، رو- سىيە 1996 - يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەر قايسى جۇمھۇرىيەتلەردىن 1 مىليون 500 مىڭ توننا شېكەر ئىمپورت قىلىشنى ، يەنى ئاساسەن ئۇكرائىنا ۋە بېلورۇسىيىدىن ئىمپورت قىلىشنى ؛ كۇبانى ئاساس قىلغان باشقا دۆلەتلەردىن 1 مىل- يون 200 مىڭ توننا ئىمپورت قىلىشنى ، ئۆزلىرى 2 مىليون توننا شېكەر ئىشلەپچىقىرىشنى پىلان- لىدى . روسىيە سېتىۋېلىش شىركىتىنىڭ چەت ئەللەردىن شېكەر ئىمپورت قىلىشتىكى سەۋەبى ، ئىمپورت قىلىنغان شېكەرنىڭ باھاسى روسىيىدە ئىشلەپچىقىرىلغان شېكەرنىڭ باھاسىدىن خېلى تۆۋەن بولغانلىقىدا . روسىيىدە ئىشلەپچىقىرىلغان

شىكەرنىڭ 5 - ئايدىكى ھەر بىر توننىسىنىڭ باھاسى 2 مىليون 300 مىڭ رۇبلى، ئۇكرائىنادىن ئىمپورت قىلىنغان شىكەرنىڭ ھەر بىر توننىسىنىڭ باھاسى 2 مىليون رۇبلىدىن ئاشمايدۇ.

## قازاقىستان بىلەن تۈركىيە بىرلىكتە ئىچىملىك زاۋۇتى قۇردى

تۈركىيە قازاقىستاننىڭ ئىسپىرتسىز ئىچىملىك زاۋۇتى بىلەن بىرلىكتە ئالمۇتادا «كوكا - كولا» ئىچىملىكى زاۋۇتى قۇردى. ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلار تەشكىللىك سېتىلىش يوللىرى ئارقىلىق مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا سېتىلىدۇ. كوكا - كولا شىركىتىنىڭ بۇ مەھسۇلاتنى قازاقىستاندا سېتىش نورمىسى 90%. 17 مىليون ئالمۇتا خەلقى تەمى ئۆزگىچە بولغان بۇ ئىچىملىكنى ئىچەلەيدىغان بولدى. ھازىر بۇ شىركەتنىڭ 125 نەپەر خىزمەتچىسى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە 45 نەپەر كىشى ئىشلەپچىقىرىش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، قالغان كىشىلەر ئېلان، تەشۋىقات ۋە سېتىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. زاۋۇت خىزمەتچىلەرگە يۇقىرى مائاش بېرىدۇ، بۇ كوكا - كالا ئىچىملىك زاۋۇتىنىڭ تىجارەت پائالىيىتىدىكى مۇھىم تاكتىكىسى. بۇ تۈرگە 15 مىليون ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ سېلىنىدى. بۇ قازاقىستاننىڭ خەلقئارا ئىقتىسادقا كىرىپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىنىڭ باشلىنىشى. كوكا - كالا شىركىتىنىڭ شېرىكلەر بىلەن بىللە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا زاۋۇت قۇرۇش ئۈچۈن 200 مىليون ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ سېلىشى، بىشكېك ۋە تاشكەنتتە زاۋۇت قۇرۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى كېڭەيتىش ئۈچۈندۇر. كوكا - كالا شىركىتى مەھسۇلاتنى سېتىش رايونىنى كېڭەيتىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى دۆلەتلەرنىڭ بازار ئېھتىياجىنى ئىگىلەيدۇ، قازاقىستان بىلەن بولغان دوستانە ھەمكارلىق بۇنىڭ ياخشى ئىسپاتى، چۈنكى بۇ رايون سودا قىلىشتا پايدىلىق شارائىتقا ئىگە.

## قازاقىستان ئۇننىڭ باھاسىنى بىر قېتىم ئۆستۈردى

قازاقىستان ئۇننىڭ باھاسىنى يەنە بىر قېتىم تەڭشىدى، بولۇپمۇ ئالاھىدە ئۇننىڭ باھاسى بىر توننىسى 25 مىڭ 624 تەڭگىدىن 28 مىڭ 818 تەڭگىگە ئۆرلىدى (بىر دوللار 67 تەڭگە). بىرىنچى دەرىجىلىك ئۇننىڭ باھاسى بىر توننىسى 22 مىڭ 110 تەڭگىدىن 24 مىڭ 886 تەڭگىگە، ئىككىنچى دەرىجىلىك ئۇننىڭ باھاسى بىر توننىسى 13 مىڭ 732 تەڭگىدىن 15 مىڭ 444 تەڭگىگە چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر تۈرلۈك بولكىلارنىڭ باھاسىمۇ مۇناسىپ ھالدا ئۆرلىدى، ئۆرلەش دائىرىسى 6% — 12% كىچە بولدى.

## جېمنەي ، تاكشكېن ، چوقان چېگرا ئېغىزلىرى چېگرا خەلقلىرىنىڭ ئۆزئارا سودا نۇقتىلىرىنى قۇردى

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى يې-قىندا جېمنەي ، تاكشكېن ۋە چوقان ئېغىزلىرىدا چېگرا خەلقلىرىنىڭ ئۆزئارا سودا نۇقتىلىرىنى قۇرۇشنى تەستىقلىدى . بۇ ئۈچ چېگرا ئېغىزى دۆلەت تەستىقلىغان ئېچىۋېتىلگەن چېگرا ئېغىز-لىرىدۇر .

نۆۋەتتىكى پايدىلىق پۇرسەتتىن تولۇق پايدىلىنىپ ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يەر ئەۋزەل-لىكىنى جارى قىلدۇرۇپ ۋە پايدىلىنىپ ، چېگرا سودىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ، « گو-ۋۇيۈەننىڭ چېگرا سودىسىغا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى » نىڭ روھىغا بىنا-ئەن ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى يۇقى-رىدىكى ئۈچ چېگرا ئېغىزىدا ئايرىم ھالدا ئۆز ئارا سودا نۇقتىلىرىنى قۇرۇشنى تەستىقلىغان .

چېگرا خەلقلىرىنىڭ ئۆزئارا سودا نۇقتى-لىرىنى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەت-لىك بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن ، تاموژنا نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش رايونى قىلىپ قۇرۇپ ، قامال قىلىش شەكلىدە باشقۇرۇشنى يولغا قويماقچى .

## قازاقىستاننىڭ ئالتۇن مەھسۇلات مىقدارى يېقىنقى 2 - 3 يىل ئىچىدە زور مىقداردا ئاشىدۇ

قازاقىستان ھۆكۈمىتى يېقىندا ، 1998 - يىلى ياكى 1999 - يىلى قازاقىستاننىڭ ئالتۇن مىقدارى 50 تونىنغا يېتىدۇ ، دەپ ئېلان قىلدى ، بۇ قازاقىستاننىڭ ھازىرقى ئالتۇن مىقدارىدىن 15 توننا كۆپ .

قازاقىستان گېئولوگىيە كان تارماقلىرى-دىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ مۆلچەرلىشىچە ، قازا-قىستاندىكى ئالتۇن كانلىرىنىڭ زاپاس مىقدارى جەنۇبىي ئافرىقىدىن قالسىلا دۇنيا بويىچە ئىك-كىنچى ئورۇندا تۇرىدىكەن . لېكىن قازاقىستاننىڭ ئالتۇن قېزىش تېخنىكىسى تۆۋەن ، تېخنىكىنى يېڭىلاش ئۈچۈن كېتىدىغان مەبلەغ يېتىشمىگەن-لىكتىن ، ئالتۇن قېزىش مىقدارىنى يۇقىرى كۆ-تۈرۈش قىيىن . شۇڭا قازاقىستان ھۆكۈمىتى چەت ئەللەردىن خېرىدار چاقىرىش ئارقىلىق چەت ئەل مەبلىغىنى جەلپ قىلىپ ئالتۇن قې-زىشنى قارار قىلدى .

## قازاقىستاندا ئالتۇن كانلىرىنى قېزىش ھوقۇقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن رىقابەتلىشىش

قـازاقـىسـتـانـدا چىقىدىغان « كارۋان تېز گېزىتى » نىڭ يېقىندا خەۋەر قىلىشىچە ، ھازىر مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىن باشقا دۆلەتلەردىكى كان قېزىش تېخنىكىسى يۇقىرى

بولغان 15 شىركەت، روسىيەدىكى بىر شىركەت ۋە قازاقىستاندىكى بىر شىركەت قازاقىستاننىڭ كوكچېتاۋ ئوبلاستىدىكى ۋاسىلكوۋ ئالتۇن كېنىنى قېزىش ھوقۇقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن رىقابەتلەشمەكتە.

ئەڭ ئېھتىياتچان مۆلچەرگە قارىغاندا، بۇ ئالتۇن كاندىكى ئالتۇننىڭ زاپاس مىقدارى 400 توننىغا يېتىدىكەن. ئەمەلىي ئېلىنىدىغان مىقدار بۇنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە تەڭ بولۇشى مۇمكىن. قازاقىستان تەرەپ بۇ شىركەتلەرنىڭ ئالتۇن كاندىن يىلىغا 13 ـ 15 توننا ئالتۇن قېزىشقا كاپالەتلىك قىلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

## جۇڭگو بىلەن قازاقىستان تۆمۈر يول تىجارەت باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى

شىنجاڭنىڭ ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ئىدارىسى باشلىقى يېتەكچىلىكىدىكى جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكى، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ئالمۇتا تۆمۈر يول تارماقلىرى بىلەن ئالاتاۋ ـ دىرۇژبا چېگرا سودا ئېغىزىنىڭ تۆمۈر يول ئۇلاپ توشۇش ئىشلىرى ئۈستىدە سۆھبەتلەشتى. بىر ھەپتىدىن بۇيان ئىككى تەرەپ 1995 ـ يىللىق تىجارەت خىزمىتىنى خۇلاسىلاپ، چېگرىدىن مال ۋە يولۇچى توشۇش راسچوت تالونلىرىغا نىسبەتەن ئەستايىدىل سېلىشتۇرۇش ۋە تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. راسچوت تالونى ۋە قازاقىستان تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ پەرق سوممىسى ستاتىستىكا جەدۋىلىگە ئاساسلانغاندا يولۇچى توشۇش پايدىسى 19604.91 شۋېيتسارىيە فرانكى، مال توشۇش پايدىسى 745447.62 شۋېيتسارىيە فرانكى بولغان. 1996 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى تۆت ئېيىدا ئالاتاۋ ـ دىرۇژبا سودا ئېغىزىدىن ئۆتكەن مال مىقدارى 660 مىڭ تونىدىن ئېشىپ كەتكەن. شۇنى جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، 1996 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە مال ئۇلاپ توشۇش مىقدارى 3 مىليون توننىغا يېتىدۇ. يېڭى لىنىيىدە توشۇلغان مال مىقدارىنىڭ ئېشىشى ئىككى تەرەپ تۆمۈر يول تارماقلىرىنىڭ يەنىمۇ زىچ ھەمكارلىشىپ، خىزمەتتە ماسلىشىپ مال توشۇشتىكى بارلىق توسالغۇلارنى چىقىرىپ تاشلاشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئالمۇتا ـ ئۈرۈمچى خەلقئارا يولۇچى توشۇش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، يولۇچىلارنىڭ سانىنى ئاشۇرۇش، ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئىككى تەرەپ ئۈرۈمچى ـ ئالمۇتا لىنىيىسىدىكى پويىزدا ئىككى يۈك ۋاگونى قوشۇشنى بېكىتتى.

ئالمۇتا تۆمۈر يول ئىدارىسىنىڭ يۈك ـ سودا خىزمىتى مۇلازىمەت ئورنىنىڭ باشلىقى مۇخبىرغا، سۆھبەتتە يەنە ئىككى دۆلەت پايتەختى ئوتتۇرىسىدا يولۇچى توشۇشنى تەسىس قىلىش، يىراق بولمىغان كەلگۈسىدە بېيجىڭدىن ـ ئالمۇتاغا تۆمۈر يول قاتنىشى تەسىس قىلىش مەسىلىسى تەتقىق قىلىنغانلىقىنى ئېيتقان.

## ئۆزبېكىستان تاشقى پېرېۋوت ئالماشتۇرۇش چېكىنى ئازايتتى

ئۆزبېكىستاندىكى نۇرغۇنلىغان كارخانا باشقۇرغۇچىلار ۋە چەت ئەللىك شېرىكلەر تاشقى پېرېۋوت ئالماشتۇرۇش جەھەتتە قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرايدۇ. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۆزبېكىستان مالىيە مىنىستىرلىكى، مەركىزى بانكا ۋە باج ئىشلىرى كومىتېتى، ھازىر يۈرگۈزۈلىۋاتـ

قان «ئەركىن تاشقى پېرېۋوت بىلەن ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلارنىڭ سېتىلغاندىن كېيىنكى كىرىمنى ھېسابلاش ۋە ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى» غا ئۆزگەرتىش كىرگۈزدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم ئۆزگەرتىشكە مۇنداق بىر ماددىنى قوشتى: «ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش كىرىمنى تاشقى پېرېۋوتقا ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ، بىراق ئىسكىلات ياكى باشقا بەلگىلىمىلەرگە مۇۋاپىق بولمىغان يەردە ساتقان ھەمدە ۋاكالىتەن سېتىپ بېرىشتىن كىرگەن كىرىمنى ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ».

ئۆزبېكىستاننىڭ بۇرۇنقى بەلگىلىمىسىدە، پەقەت ئىشلەپچىقىرىشتا ئىشلىنىدىغان كەمچىل مەھسۇلاتلار، يېمەكلىك ۋە زۆرۈر سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىمپورت قىلغان قانۇنىي شەخس بىلەن تەبىئىي شەخسلەرلا تاشقى پېرېۋوت ئالماشتۇرالايدۇ، دېيىلگەن. بۇ قانۇنىي شەخس بىلەن تەبىئىي شەخسلەرنىڭ تاشقى پېرېۋوت ئالماشتۇرۇشنى ئىلتىماس قىلىشتا زۆرۈر شەرت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. نۆۋەتتىكى بەلگىلىمە: ئالماشتۇرۇش ئىجازەتنامىسى ئۈچۈن، قانۇنىي شەخسلەر ۋەكالىتەن سېتىپ بېرىش شەرتى بويىچە ئىمورت قىلغان تاۋارلار سوممىسى 20 مىڭ دوللاردىن كەم بولماسلىقى، تەبىئىي شەخسلەرنىڭ 50 مىڭ دوللاردىن ئاز بولماسلىقى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، تاشقى پېرېۋوت ئالماشتۇرۇش ئىجازەتنامىسىنى ئىلتىماس قىلىش ۋاقتىدا، خۇسۇسىي ماگىزىن تۇرۇشلۇق جاينىڭ ئىسپاتى، تىجارەت گۇۋاھنامىسى، باج ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ بوغالتېرلىق ۋەزىپىسى ۋە ئاقما ھېسابات تۇرغۇزۇش توغرىسىدىكى ئىسپاتى قاتارلىقلارنىڭ كۆچۈرۈلمە نۇسخىسىنى تاپشۇرۇش كېرەك، دەپ بەلگىلىگەن. يەنە بىر يېڭى بەلگىلىمىدە، ئىمپورت قىلىش ۋە تاۋارلارنى سېتىش ھەمدە تاشقى پېرېۋوتقا ئالماشتۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى 60 كۈن ئىچىدە تاماملىنىشى كېرەك، بولمىسا تاشقى پېرېۋوت ئالماشتۇرۇش كىنىشكىسى قايتۇرۇۋېلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

# ئۆزبېكىستان پاختا ئېكسپورت مىقدارىنى كۆپەيتمەكچى

ئۆزبېكىستان يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ بىر ئەمەلدارى يېقىندا، ئۆزبېكىستاننىڭ بۇ يىل پاختا ئېكسپورت مىقدارىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرىدىغانلىق پىلانىنى ئاشكارىلىدى.

ئۆزبېكىستاننىڭ پاختا مەھسۇلات مىقدارى ئېكسپورت مىقدارى ئايرىم ھالدا دۇنيا بويىچە 4 - ۋە 3 - ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئۆزبېكىستان ئەمەلدارىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۆزبېكىستاننىڭ ئۆتكەن يىللىق پاختا ئېكسپورت مىقدارى 840 مىڭ توننا بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىنقى يىلىغا سېلىشتۇرغاندا 330 مىڭ توننا ئاشقان. بۇ يىل ئۆزبېكىستان ئېكسپورت مىقدارىنى يەنە 30% كۆپەيتمەكچى يەنى 1 مىليون 100 مىڭ توننىغا يەتكۈزمەكچى. بىراق، بۇ ئەمەلدار يەنە ئۆزبېكىستاننىڭ بۇ يىل 1 - پەسىلدە ئاران 80 مىڭ توننا پاختا تالاسى ئېكسپورت قىلغانلىقىنى، بۇنىڭ پەسىللىك پىلانىنىڭ 55%نى ئىگىلەيدىغانلىقىنى ئاشكارىلىغان. بۇ يىل ئۆزبېكىستان چېگىتلىك پاختا مىقدارىنى 4 مىليون توننىدىن ئاشۇرۇشنى پىلانلىغان. دۇنيا بانكىسى ئۆزبېكىستان پاختىچىلىقىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا ئىشلىتىش ئۈچۈن 66 مىليون 100 مىڭ دوللارنى قەرزگە بەرگەن.

## ئۆزبېكىستاندا پۇل پاخاللىشىش تۆۋەنلىدى

تاشكەنت خەۋەرلىرىگە قارىغاندا، ئۆزبېكىستان ئىچكى كابىنېتى يېقىندا دۆلەتنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىللىق ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالى توغرىسىدا مۇزاكىرە ئېلىپ بارغاندا. ئۆزبېكىستاننىڭ پۇل پاخاللىشىش نىسبىتى 1995 - يىلدىكىگە قارىغاندا يېرىم ھەسسە تۆۋەنلىدى. ئاھالىلارنىڭ ئەمەلىي كىرىمى 16% ئاشتى، دېگەن.

1996 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا دۆلەت ئىچىدىكى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى قايتا ئۆرلىدى. 1995 - يىلى زىيان تارتقان كارخانىلارنىڭ سانى 630 غا يەتكەنىدى، لېكىن 1996 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا پەقەت 80 كارخانا زىيان تارتتى. ھازىر مۆلچەرلىنىشىچە قىزىل رەقەم دۆلەت ئىچىدىكى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 2.1% گىمۇ يەتمەيدىكەن، لېكىن 1995 - يىلى ئوخشاش مەزگىلدە 3.5% كە يەتكەن. ھازىر ئۆزبېكىستاندا نۇرغۇنلىغان كارخانىلار خۇسۇسىيلاشقان. يېرىمىدىن كۆپرەك سانائەت مەھسۇلات قىممىتى، 95% يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى، 94% پارچە سېتىش سودا سوممىسى، 61% قۇرۇلۇشلارنى ھۆددىگە ئېلىش مىقدارى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى غەيرىي دۆلەت ئىگىلىكى تەركىبىدە ئىشلەپچىقىرىدۇ. بەلكىم 1996 - يىلى ئۆزبېكىستاننىڭ ئىقتىسادى قايتا ئاشقان بىر يىل بولۇشى مۇمكىن.

## ئۇكرائىنانىڭ ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى يەنىلا جىددىي بولماقتا

ئۇكرائىنا ھۆكۈمىتى ستاتىستىكا مىنىستىرلىكى يېقىندا ئېلان قىلغان ماتېرىياللارغا قارىغاندا، 1996 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا ئۇكرائىنانىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى بىر قەدەر ياخشىلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئىشلەپچىقىرىش داۋاملىق تۆۋەنلەپ، ئىقتىسادىي ۋەزىيەت يەنىلا جىددىي بولغان.

ئالدىنقى يېرىم يىلدا ئۈچتىن ئىككى قىسمىدىن كۆپرەك سانائەت كارخانىلارنىڭ مەھسۇلاتى تۆۋەنلەپ كەتتى، بەزى مۇھىم سانائەت تارماقلىرىدىكى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تۆۋەنلىشى ئىنتايىن ئېغىر بولدى. قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى سانائىتى، ماشىنسازلىق سانائىتى، مېتال پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى ۋە يېنىك سانائەت قاتارلىق تۈرلەردە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تۆۋەنلىشى كۆرۈنەرلىك بولدى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1995 - يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىگە قارىغاندا 7% ئازىيىپ كەتتى. مالىيە ئەھۋالى جىددىي، تۆلەش كىرىزىسى ئېغىر بولدى. نۇرغۇنلىغان كارخانا ۋە كەسىپىي ئورۇنلار ئۇدا نەچچە ئاي مائاش تارقىتالمىدى. ئۇكرائىنا بازارلىرىدىكى مال باھاسىنىڭ ئۆرلەش دەرىجىسى يەنىلا زور بولدى، ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى ۋە مۇلازىمەت خىراجىتى 24.9% يېمەكلىكلەرنىڭ باھاسى 14.3% ئاشتى.

# تەھرىر ھەيئىتى


باش تەھرىر : جاڭ يۈجىژ ، نەجمىدىن نىزامىدىن

مەسئۇل مۇھەررىر : گۈلسۈم ئابدۇۋايىت

مەخسۇس مۇئاۋىن مەسئۇل مۇھەررىر : شەرىپە ئىسھاقوۋا

تەھرىر ۋە تەرجىمانلار : مۇنەۋۋەر قادىر ، يارمۇھەممەت ئىبراھىم

تەھرىر ھەيئىتى ئەزالىرى : ئابابەكرى ساۋۇت ، ئابلىكىم ئوسمان ، جاپپار مەخپىر
(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە) خەمىد خەكىموۋ ، مۆمىن ھەبىبۇللا، نۇرنىسا قاسىم
ھېسامىدىن ئابدۇللا ، ئوسمانجان تۇردى ، ئېلى مەمەت
ئىلچى سايرانى ، ئىلدان ئىسھاقوۋ

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : پېڭ جىڭخۇەن


---


باشقۇرغۇچى : ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى

نەشىر قىلغۇچى : ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا ئاخبارات تەتقىقات ئورنى

تەھرىرلىگۈچى : «ئوتتۇرا ئاسىيائۇچۇرلىرى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

باسقۇچى : شىنجاڭ پەن - تېخنىكا گېزىتى باسما زاۋۇتى

ئادرېسى : ئۈرۈمچى جەنۇبىي بېيجىڭ يولى40 - نومۇرلۇق قورو

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى : CN 65- 1133/N

پوچتا ۋەكالەت نومۇرى : 132 _ 58

پوچتا نومۇرى : 830011 تېلېفون نومۇرى : 3837994 .